# توي تەنتەنىسى

(شېئىرلار)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توي تەنتەنىسى

(شېئىرلار)

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تۈزدى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# تۈزگۈچىدىن

بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق تويى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنى ھاياتىدا زور تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ تويغا ھەر مىللەت شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «توي چاچقۇسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان ئىدۇق. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى «توي تەنتەنىسى»نى نەشرگە تەييارلىدۇق. بۇ توپلامغا ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرلارنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ شېئىرلار مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ ـ خىللىقى ۋە بەدىئى جەھەتتە بىرقەدەر ئۈستۈنلۈكى بىلەن كىتابخانلارغا زوق بېغىشلايدۇ.

**جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ**
**ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى**

1985 ـ يىل فېۋرال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

تۈزگۈچىدىن ........................................ ( 1 )
شېئىر ۋە غەزەللەر ............ ئابدۇكېرىم مەخسۇت ( 1 )
شەرقىقە سەپەر (چاتما) ............ سەمەت دۇگايلى ( 9 )
ئىككى غەزەل ........................ سادىن سادىرى ( 18 )
كۆنچى ناخشىلىرى ..................... ئابلىز ھەسەن ( 20 )
تاڭ سەھەر (غەزەل) .................. ئەسقەر ھۇسەيىن ( 28 )
ئۈچ شېئىر ........................... توختاش بەكرى ( 30 )
سوغا گۇللىرى (چاتما) ................ ياسىن ھاۋازى ( 34 )
ئىككى شېئىر ......................... توختاجى روزى ( 42 )
نېفىت شەھرىدە (چاتما) ............ نۇرمۇھەممەت زامان ( 49 )
غەزەللەر .............................. تۇرسۇننىياز ( 52 )
ئۈچ شېئىر ........................ مەتىمىن ھەزرەت ( 58 )
دالا كۈيلىرى ............... مۇھەممەت سىدىق تۆمۈرى ( 64 )
ئىككى شېئىر ..................... ئابدۇغېنى سىيىت ( 67 )
ئىككى شېئىر ....................... مەتقاسىم مەتنىياز ( 70 )
ئۈچ شېئىر ........................ ۋاھىتجان غوپۇرى ( 73 )
ئىككى شېئىر ............ نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا (ئۆربىك) ( 76 )

دىخىنىمغا ...... تۇنىياز مەتنىياز (80)
شېئىرلار ...... نەسرۇللا ئابلەت (83)
سەھەر لىرىكىسى ...... ئابلىمىت مۇھەممىدى (86)
شېئىرلار ...... مەخمۇت مۇھەممەت (89)
ئىلى دەرياسى ...... ھەجەر قادىر (92)
ئۈچ شېئىر ...... مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن (95)
شېئىرلار ...... ئابدۇللا ياقۇپ (101)
غايە ...... قاسىم سىدىق (105)
ئىككى شېئىر ...... قادىر ئەكبەر (107)
ئەتكەن چاي ...... ئەزىز ساۋۇت (110)
ئىككى شېئىر ...... ئابدۇرىشىت سەلەي (112)
ھاياتقا مۇھەببەت ...... تۇرسۇن مەخسۇت (115)
پامىر (چاتما) ...... ھوشۇر ئىبراھىم (117)
ئۈچ شېئىر ...... ياسىن مەخسۇت (123)
ئىككى مەسەل ...... ئابلىكىم باقى (129)
ئۈمىت يۇلتۇزلىرى (غەزەللەر) ...... مۇھەممەت ئىمىن (137)
ۋىجدان نەزمىلىرى ...... ئابلەت ئىسمايىل (146)
غەزەلخان بىز ...... نەيىم يۇسۇپ (153)
دىلبەر ...... نەجمىدىن سىدىق (155)
ئۈچ شېئىر ...... ھەسەن تىلىۋالدى (157)
ئانا ۋە شېئىر ...... مۇتەللا ئىبراھىم (163)
ئىككى شېئىر ...... روزى نىياز (166)

قايتىدىن (غەزەل) ........................ ھەبىبۇللا روزى (168)

قاراماي ئىلھاملىرى (چاتما) ............ ھېيتەم ھۈسەيىن (171)

ئاق كەپتىرىم ........................ ئىمىن راشىدىن (174)

غەزەللەر ........................ مۇكەررەم ئەبەيدۇللا (176)

رۇبائى ۋە پارچىلار ................ رىشىت مەخسۇت (181)

قەدىم تۇرپان ............ مۇھەممەت رەھىم تۇرسۇن (185)

جەڭچى ناخشىلىرى ................ ئەمەت جاپپار (189)

گۈزەل شوتا يايلىغى ................ غوپۇر رەھىم (192)

باھار قوشاقلىرى (چاتما) ............ ئابدۇقادىر ھەسەن (196)

ئىككى شېئىر ................ مەتتىمىن زىبىبللا (204)

مەشئەل ........................ ھوشۇر ئەخمەت (207)

ئىككى شېئىر ........................ توختى نەمتۇل (212)

ئىككى شېئىر ........................ ئىبراھىم ئىزاق (215)

جەڭچى قەلبى ........................ قۇربان ياسىن (218)

بەزىلەر ........................ باۋۇدۇن نىياز (220)

ئىككى شېئىر ........................ نۇردۇن مۇسا (223)

يۇرتۇمغا مۇھەببەت ................ نىياز مەھمۇت (226)

باھار ئىلھاملىرى ................ تۇراپ ھەسەن (229)

ئىككى شېئىر ................ ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن (231)

يۇرتۇم ........................ ئېلى زايىت (233)

ئىككى مۇخەممەس ................ سىتىنسا لوقمان (235)

كېرىيە دەرياسى ............ مۇھەممەت ئەيسا قۇربان (240)


www.uyghurkitap.com

ئىككى شېئىر ............ مۇھەممەت نىيازى (245)

مەشرەپ ھەققىدە مۇخەممەس ........ زاھىر ئابدۇراخمان (247)

شېئىرلار ..................... زۇنۇن رەھىم (250)

"باغى ئېرەم" ..................... سىدىق قاۋۇز (255)

ئىككى شېئىر ............ نۇرمۇھەممەت جېلىل (257)

ئۈچ غەزەل...............ئىبراھىم قۇربان (260)

يۇرتۇم شەنىگە (مۇسەددەس) ............ ھېزىم ناسىر (263)

گۈزەل ............ قۇندۇز مۇھەممەت (266)

ئورمانغا قاراپ ............ ئەخمەتجان ئوسمان (267)

ئىككى شېئىر ............ بىلقىز سۇلايمان (270)

ئانا مۇھەببىتى ............ يالقۇن نۇر (273)

ئىلىم - پەن باھارىدا (مۇخەممەس)....... ئەخمەت ۋاھىدى (276)

باھار ناخشىسى ............ سەيپارە سەلەي (279)

سىزايىلى خەرىتىنىڭ يېڭىسىنى........ ئاۋۇت مۇھەممەت (281)

ئىجات يولى ............ شەۋكەت مۇھەممىدى (282)

ئىككى شېئىر ............ تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم (284)

ئەنجۈر ۋە ئۈزۈم ............ ئوبۇلھاشىم قاسىم (287)

ۋەتەن (مۇسەللەس) ............ زۇلپىقار (290)

تاڭ ئوغلىمەن ............ ئېزىز ئېلى (292)

بۇلاق ............ ۋاھىتجان ئوسمان (295)

تولۇن ئاي ............ مۇختار سۇپۇرگە (298)

مەرھابا، تاڭ سەھەرا ............ پولات ھېۋزۇللا (300)

ئاي بىلەن سۆھبەت ............ زوھرە غوپۇر (303)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# شېئىر ۋە غەزەللەر

## تال

قانچە يىللار ئۆتتى بىلمەيمەن،
سايە تاشلار قىرغاقتا بۇ تال.
يىلان باغرى يوللار تۇتاشقان،
تال تۈۋگە بىر زەنجىر مىسال.

خالى بولماس ئادەمدىن تۈۋى،
سايىسىدا ئالىدۇ هوزۇر.
قۇياش بەرسە ئاڭا شەپەق رەڭ،
ياپراقلاردا جىلۋە قىلار نۇر.

سۇرۇشتۇرمەس هېچكىم، هېچقاچان
تىككىنىنى ئاشۇ تالنى كىم؟

لېكىن ھەر كۈن تال سايىسىدا
سۆھبەت قىزىپ تۇرار بىتنىم.

ئۈنى تىككەن مۆجىزىلىك قول
بارمۇ، يوقمۇ يورۇق جاھاندا؟!
لېكىن ئۇنىڭ ئەجرى-مېھنىتى
ھوزۇر بېرىپ تۇرار ئىنسانغا.
1982 - يىل ئاپرېل.

## قىزداتاغ ئۈستىدە

سالقىن سەھەر، ئاسمان تىپ-تىنىق،
گۈل بەرگىدە تاۋلىنار شەبنەم.
تاڭ بىلەن تەڭ ئويغىنار ھايات،
گۈل چېھرىدە شاتلىق مۇجەسسەم.
تاڭ جىلۋىسى شەپەق ھۆسنىدە،
مەن تۇرىمەن راۋاق ئۈستىدە.

گۈلزارلاردا ئوينار كېپىنەك،
بۇلبۇل، كاككۇك قىلىدۇ ناۋا.
بۇلغىدۇر ياڭراق كۆلكىنىڭ
گۈل چېچەكلىك ھەر كوچا-ھويلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆلكە ئۇخچار ھايات كۆكسىدە،
مەن تۇرىمەن راۋاق ئۇستىدە.

ئادەملەرنىڭ يېگى خىسلىتى
يۈرەكلەرنى قىلار مەھلىيا.
قۇچىغىدا يۈكسەك ئارزۇنىڭ
ئەركىلەيدۇ كائىنات، ساما.
ئۇچار ئىنسان ئىجات كۆكىدە،
مەن تۇرىمەن راۋاق ئۇستىدە.

كۈمۈش يولدا توتۇش چىرايلار
سالاملىشار قىزغىن ۋە ئىللىق.
ھايات قايناق، تۇرمۇش پاراۋان،
دەملەر شېرىن، سۆھبەت يېقىملىق.
تۈمەن كۆي بار خوشال كۈلكىدە،
مەن تۇرىمەن راۋاق ئۇستىدە.

يىراقلارغا تاشلىدىم نەزەر،
يۈرىكىمدە جۇش ئۇرۇپ ئىلھام.
پەرۋاز قىلدىم، كەزدىم شەھەرنى،
تاڭ چولپىنى تۇتتى ئالتۇن جام.

كۆزۈم مېنىڭ باغلار كۆكىدە،
مەن تۇرىمەن راۋاق ئۈستىدە.

چىمەنلەرنىڭ خۇش بۇي ھىدىنى
دىمىغىمغا ئۇرىدۇ سابا؛
تۆكۈلىدۇ شارقىراتمىدەك
سۆيگۈ مېھرىم، ئۇرۇمچى، ساڭا.
سېنىڭ ئىشقىڭ كۆڭلۈم مۈلكىدە،
مەن تۇرىمەن راۋاق ئۈستىدە.

1983 - يىلى ئاۋغۇست.

## دەريا كېچىسى...

دەريا ئۆركەشلەيدۇ، شارقىرايدۇ ساي،
سۇتتەك نۇرلىرىنى تۆكەر تولۇن ئاي.
ئىلھام پىيالىسىدە تۇتىدۇ شاراپ،
تەبىئەت نەقەدەر ئۆز ھەم خۇش چىراي،
دەريا كېچىسى بۇ، دەريا كېچىسى.

دەريا ساھىلىدا تۇرىمەن تەنھا،
يۇلتۇزلۇق ئاسمانمۇ بىلمەيمەن دەريا.
ئەركە شاماللار سۆيۈپ ئۆتكەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈرەك تارلىرىمدىن ئۇرغۇيدۇ سادا،
دەريا كېچىسى بۇ، دەريا كېچىسى.

بىر نەپەس جىملىقتا تۇرمايدۇ ھايات،
ئۆمۈر سەپىرىدە قاقىدۇ قانات.
ئۆتىدۇ يۆگەكتىن ـ يۆگەككە قەدەر،
بەزىدە شاۋقۇنسىز، بەزىدە ئاۋات،
دەريا كېچىسى بۇ، دەريا كېچىسى.

چېۋىقنى ئات قىلىپ مىنگەن كۈنۈمدىن،
دەريا شاۋقۇنلىرى كەلدى ئۈنۈمدىن.
گۈللەرنىڭ ھىدىدىن كۆڭلۈم بولدى مەس،
بۇلبۇلنى ئويغاتتىم چۆچەك كۈيۈمدىن،
دەريا كېچىسى بۇ، دەريا كېچىسى.

ئاتا مەن، نەلەردە قالدى باللىق؟
ئاقىدۇ شوخ دەريا كۈمۈش ئېقىنلىق.
كېزىمەن تۈنلەردە دەريا بويىنى،
ئۆزگەرمەي كېلىدۇ مەندىكى قىلىق،
دەريا كېچىسى بۇ، دەريا كېچىسى.

شۇ ئايدىڭ كېچىدە شېئىرىي ھاياجان
قەلبىم بۇلىقىدا ياسايدۇ فونتان.

دەريا كېچىسى بۇ، جىلۋىدار كېچە،
قوچاقلار بۇلبۇلنى يۇرت ئىشقى جانان،
دەريا كېچىسى بۇ، دەريا كېچىسى.
1984 – يىل يانۋار.

## ھېيتگاھ

"قولۇم كۆكسۈمدە ھەر سۈبھى ساڭا دەيمەن سالام ھېيتگاھ"*
سېنى كۆرمەك ئۈچۈن تەشنا بالاڭدىن ئېھتىرام ھېيتگاھ.

مەگەر بارسام قۇچاغىڭغا پېشانەمدىن سۆيەر بولساڭ،
مېھەر – شەپقەت ساماسىدا ئۇچارمەن شات ئانام، ھېيتگاھ.

كۆزۈمگە توتىيا ئەيلەپ مەگەر سۈرسەڭ توپاڭنى مەن،
كۆزۈم ئاتەش قۇياش بولغاي، تۆكۈلگەي نۇر تارام، ھېيتگاھ.

سېنىڭ ھەر بىر خىشىڭ سۆزلەر ماڭا قۇتلۇق نەسەپنامە،
سېنىڭ بىرلە ئۈزۈلمەستىن نەسەپ قىلغاي داۋام، ھېيتگاھ.

تۇتار بولساڭ كۆلۈپ تاڭدا ئانار شەربىتىگە لىق جام،
تېنىم يايراپ تېپىپ دەرمان ئالار قەلبىم ئارام، ھېيتگاھ.

---

* بۇ مىسرا شائىر مەمتىلى زۇنۇننىڭ.

راۋاپىنىڭ تارىغا تاشۋاي ئۇرار بولسا مەگەر زەخمەك،
ۋۇجۇدىمدىن ئاقار نەزمە بولۇپ شىرىن كالام، ھېيتگاھ.

نىمە ئاپپاق خوجا دىگەن، بۇگۈن بۇلبۇل غەزەلخانغا*
قۇچاغىمدا قىلار خەندە، كۆيى بولماس تامام، ھېيتگاھ.

**قىلسا**

"ئەقىل تاپقاي كىشى دائىم ئىلىمنى دىلغا جاقىلسا"**
ئىلىم يولىغا مەھمۇتتەك*** ئەزىز جاننى پىدا قىلسا.

بىلىمدانىنىڭ مازار-قەرۋى خەلقىنىڭ قەلبىدە بولغاي،
ئىمەر بولسا بىلىمدىن سۈت، بىلىمنى گەر ئانا قىلسا.

ھاياتىنىڭ قەدىمى ئۇچقۇر ئۆچەر يۇلتۇزسىمان جىسمى،
ياشار ئەجرى قۇياش يەڭلىغ، كىمىكى ئىختىرا قىلسا.

---

* بۇ مىسرا خەلق ئىچىدە تارقالغان "ئاپپاق خوجا ئىتكاپقا ئولتۇرغاندا بۇلبۇل سايرىغان ئىكەن، ئاپپاق خوجا بەس دەپتۇ، شۇنىڭدىن تارتىپ قەشقەردە بۇلبۇل سايرىمايدۇ" دىگەن ئەپسانىغا تەنە قىلىنغان.
** بۇ مىسرا شائىر جىبىلىنىڭ.
*** ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى.

كۆڭۈل روشەنلىگى بولماي كۆزۈڭنىڭ قارچۇغى نۇرسىز،
بىلىمنىڭ ئىشقىدىن دىلنى مەگەركى كىم ئادا قىلسا.

بىلىم ئىشقى بىلەن بۇلبۇل بىلىم بېغىدا ئاشيان تۈز،
ۋەتەن، ئەل زوق بىلەن تىڭلار بىلىمدىن تىل ناۋا قىلسا.

*1983* ـ يىل مارت.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەمەت دۇگايلى

# شەرققە سەپەر

(چاتما)

## تۆمۈر ئېقىم

بارىمەن شامالدەك شەرققە قاراپ،
تېگىمدە ئۈزىدۇ كەڭ تۆمۈر ئېقىم.
ئالدىمدا يېپىلىپ ئاچقان باغرىنى
ھىساپسىز خوشاللىق تەگلىگەن سېزىم.

مەن قەدەم ئالغاندا ھاياجانلىرىم
ھەيۋەتلىك سادادىن بولۇندى بىر پەس.
لېكىن شۇ گۇدۇكنىڭ ئەكس ساداسى
يېگىمچە تۇيغۇنى يوكلىدى پەۋەس.

چاقىرار پايانسىز شەرق قوينىغا،
ئۇچقاندەك يۈرگەنچە ئۇ قاچار نېرى.

بۇ تۆمۈر ئىقىمنىڭ شاۋقۇنى بىلەن،
كۆرۈنمەس ھېچقاچان ئۇنىڭ ئاخىرى.

ھەيۋەتلىك ئەي ئىقىم، سەن پويىز يولى،
سەن مېنىڭ كۆزۈمدە ئۇخلىماس دەريا.
كۈندۈزدە قۇياشنىڭ ئامرىغى بولساڭ،
تۈنلەردە يۇلتۇزلار ئاشىق مەھلىيا.

سەن مېنىڭ ئىگىمدا بىر ئاھەڭرەبا،
تارتسەن دىللارنى قىلىپ ئۇزاق لال.
باي، مۇنبەت ئۆلكەمنىڭ پۇراقلىرىنى
توشۇيسەن شەرققە بولۇپ بىر شامال.

1982 ـ يىل ئۆكتەبىر.

## شىگشىگشىيا

"شىگشىگشىيا ئۆزى گوبى،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى"
ـــ قۇمۇل خەلق قوشىقى.

ھىلىمۇ ئىككى تاغ ئىككى يېنىمدا،
تۇرۇپتۇ قەددىنى كېرىپ كۆككىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بۈگۈن ئۇ ئوخشايدۇ جىكەڭگە ئورناپ،
يارىشىپ ئېچىلغان قىزىل غۇنچىگە.

قانچىلاپ ئەسىرلەر خەلق مۈڭىنى،
تىڭشىدىڭ، تىڭشىدىڭ يىرىلىپ چاك ـ چاك.
شۇ سەۋەپ ھىساپسىز يولۇچىلارنىڭ
جەسىدى ئاقىرىپ بولدى تۇپراق ـ خاك.

ئەمدى ئۇ تاغلارغا ئورناپتۇ مەھكەم،
كۈندۈزى قۇياش ۋە تۈنلىرى يۇلتۇز.
بىلىنمەس بۇ يەردە پەسىل ۋە ۋاقىت،
ھەمىشە باھار، ياز، ھەمىشە كۈندۈز.

موكىدەك ئۆتۈشەر قوينىڭدا ۋاگۇن،
ئۇ ئەمدى ئەمەس ھىچ مۈڭلىنار كارۋان.
يۈك ئەمەس يۈكلىگەن ئۆزىگە پەۋەس،
ئۇنىڭدىن بىلىنەر يېڭى بىر دەۋران.

شاماللار يالىماس جەسەت، ئۇستىخان،
ئۇ چېلىپ ئۆتىدۇ بەخت كۈيىنى.
شۇ كۈيگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ يىراق،
تېلىفقان پاراۋوز سادىسى ـ ئۈنى.

شىڭشىڭشىيا، سەن بوگون دوستلۇق ئۆتكىلى،
شاتلىقنىڭ ئۆتكۈنى كۆزۈڭدە دائىم.
كەتتى ئۇ ئەلەملىك ناخشىنىڭ ۋاقتى،
ئەڭ يېڭى ئاھاڭلار ئۆزۈڭدە دائىم.

1982 ـ يىل ئۆكتەبىر.

## مىڭ ئۆي

—— دۇنخۇاڭنى كۆرۈپ.

تاملاردا ئەمەس ئۇ ئۇسۇلچى قىزلار،
ئالدىڭغا چىقىدۇ ئېگىلىپ، ئويناپ.
چاقىرار كۆكسىگە قولىنى قويۇپ،
چېلىنار بىر ياندىن غىجەك ۋە بەرباپ.

نەپىسلىك، گۈزەللىك ھەممە لەتاپەت،
يىغىلغان بۇ يەرگە ئۇنچىدەك سەنئەت.
قوشۇلۇپ ئوينىغىن، كۈيلىگىن كېلەر،
قەلبىڭدىن قوزغىلىپ سۆيۈنچ ـ مۇھەببەت.

بۇ مىڭ ئۆي ئالدىڭغا يېيىلسا شۇ تاپ،
بولىدۇ ئاۋاتلىق قايىنىغان شەھەر.

بىلىنمەس بۇ يەردە تۇتۇق قارا كۈن،
بىلىنمەس كۈندۈز ـ تۈن، ئاخشام يا سەھەر.

ھەممىشە پارلايدۇ كۆزلۈك ئالدىدا،
شۇ ئوچۇق قۇياشنىڭ نۇرلىرى روشەن.
ھەممىشە ئىشچانلار ئىزتىز قويىنىدا،
ھەممىشە رەققاسلار ئويناپدۇ لىپۇەن.

شۇ شەھەر قويىنىدا يۈرەمەن مانا،
قەلبىمدىن ئۇرغۇيدۇ بىھىساپ خىيال.
گويا ئۇ كۆرۈنمەس قۇدرەتلىك چېقىن،
ياكى ھېچ تۇتقىلى بولماس تېز شامال.

ھاياتتا ئىنساننىڭ ئۆمرى قانچىلىك؟
بىر ئەسىر بىلىنەر مۆجىزە بولۇپ.
ئۆتىدۇ كىشىلەر ئۆمۈرنى ئاز، دەپ،
ئەجەلدىن قېچىشىپ ئارمانغا تولۇپ.

ئۆلۈمنىڭ پەنجىسى تۇتقاندا ياقا،
بىلىنەر قىلمىغان ئىشى بەك تولا.
بىجىرگەن ئىشىمۇ ئاز ھەم كۆڭۈلسىز،
ياكى ئۇ قىلىنمىغان، تولۇقسىز ـ چالا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بۇ پىكىر تۇيغۇنىڭ ئىنكاسى ئەمەس،
ياكى بىر ۋاقىتلىق ھىسسىيات يەكۇن.
مىليونلاپ ئاي-كۈنلەر ئۆتتى ئاشۇنداق،
گويا ئۇ بىر پەسىلىك تۇمان يا تۈتۈن.

لېكىن مەن دۇنخۇاڭنى كۆرۈپ تۇرىمەن،
پىكرىمدە تۇغۇلدى ھەيۋەت چايقىلىش.
تىلسىمات ئەمەس بۇ رىياللىق بىلسەڭ،
ھىچ ئەمەس ماڭا خاس يىڭى بايقىلىش.

دۇنيادا بار يەنە شۇنداق كىشىلەر،
تۇغۇلار بىر قىتىم، ئۆلمەس ھىچقاچان.
ياشايدۇ مىڭ يىللار، ياشايدۇ يەنە،
ھاياتى قىممىتى ئۆسىدۇ ھامان.

بۇ مىڭ ئۆي باھاسى ساندا ئەمەس،
ھەر ئۆيدە نامايان بىباھا ئەمگەك.
ئۇندىكى كىشىلەر ئورۇنلاشقان تام،
ئەمەس ئۇ بىر سۈرەت، بالقىغان تىلەك.

ئەجدادىم كۆڭلىدە پارلىغان ئارمان
سۈرەتلەر يۈزىدە كۆرۈنەر ئايان.

www.uyghurkitap.com

ئەسرلەر ئەۋلاتنى باشلىدى ئالغا،
ئۈزۈلمەي بىر تارىخ كەلمەكتە راۋان.

مەن ئۇندىن كۆرىمەن مىڭ يىلنى ھازىر،
مىڭ ئەمەس بىر يىلمۇ ئۆتمىگەن ھىلى.
كۆرۈنسە شۇ قەدەر نەپىس، گۈزەللىك،
كىمنىڭمۇ غۇرۇردىن ياپىرىماس دىلى.

بىزدىكى بۇ زامان شۇ قەدەر يېڭى،
ئاق-پىكىر ئۇچماقتا مارسقا قاراپ.
لېكىن كىم ئېيتالار يۈزىنى ئۆرۈپ،
ئاق-پىكىر كەلمىگەن ئەجداتتىن تاراپ...؟

1982 - يىل 27 - ئۆكتەبىر.

## يەنە بىر يۇرتۇم

چىلەنشەن باغرىدىن، خېشى زۇلاڭدىن*،
ئۆتىمەن، بىر چاغلار بوۋامىمۇ ئۆتكەن.
ياپ-يېشىل چىمەنلىك مۇشۇ ۋادىغا
ئۇلار ساپ تېرىنى ياشغۇردەك تۆككەن.

* خېشى زۇلاڭ — خېشى كارىدورى.

ھېلىمۇ ئاڭلىنار تاغنىڭ باغرىدىن،
مىسالى چوپاننىڭ بالىمان ئۈنى.
چىققاندەك كۆرۈنەر پۇرقىراپ كۆككە،
چېدىردا يېقىلغان گۈلخان تۈتۈنى.

ھازىرقى گۈدۈكلەر ئورنىغا ئۇ چاغ،
چېلىنار ئىدى داپ، دۇمباق ۋە بۇرغا.
ھازىرقى پويىزلار كەلگەن شۇ يولدىن
بوۋاملار ماڭاتتى، ئاتلىرى يورغا.

جاڭچەننى تەۋرىتىپ مۇشۇ كارىدور،
تېخىمۇ غەرپكە ئۇزاتقان قوتلاپ.
كۇچارلىق سۇجۇپنى قوندۇرغان كېچە،
لوياڭلىق يىراقتىن تىڭشىغان بەرباپ.

ھېلى مەن چىلەنشەن باغرىدا ئەركىن،
كارىدور ئاستىمغا يايار پاياندار.
تارىختا ئېيتىلغان "خۇلار نەغمىسى"
ھېلىمۇ جاراڭلار ئاۋالقىدەك ساز.

دىمەيمەن ئۆزەمنى مۇساپىر، مېھمان،
بۇ مېنىڭ ئەزەلدىن ياشىغان يۇرتۇم.

www.uyghurkitap.com

قىسلماي، بەھوزۇر ئالمەن نەپەس،
گىلەمدە يۇرگەندەك يەڭگىل قول-پۇتۇم.

ئۆزگەرگەن بۇ يەرلەر — ھازىر ئېكىنزار،
چېدىرلار ئورنىدا قەۋەتلىك بىنا.
گۇلخانلار ئورنىدا چاچىدۇ يالقۇن،
زاۋۇتلار، پېچلارنىڭ گەۋدىسى مانا.

قوتازلار، ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزىغا،
قۇرۇلغان تۆمۈريول-تاشيوللار تورى.
ئۆزگەرگەن ھەممىسى، ھايات يېڭىچە،
مەشئەللەر ئورنىغا ئېلېكتىر نۇرى.

لېكىن مەن كۆرىمەن، ئەنە ئالدىمدا،
بىر تارىخ ئۆزگەرمەي تۇرار ئۆز پېتى.
ۋەتەن-يۇرت غۇرۇرى يۇيۇلماس ئەبەت،
شۇ سەۋەپ بىباھا ئۇنىڭ قىممىتى.

1982-يىل ئۆكتەبىر، جاڭجىي.



سادىق سادىرى

# ئىككى غەزەل

## مېيىپ قىزغا مەدھىيە

يۈرەكلەرنىڭ قېتىدىن چىقىپ ئورۇن ئالدى ئەزىز نامىڭ،
ئىسىل ئۈلگە بولۇپ قالدىڭ ئېشىپ ئەلدە شەرەپ-شانىڭ.

پەزىلەت-خىسلىتىڭ ئىلھام بەخش ئەتتى ۋۇجۇدۇمغا،
شۇڭا نەزمە يازار شەنىڭ ئۈچۈن كۆيىچى-غەزەلخانىڭ.

كېسەللىك كەلسىمۇ قوشلاپ بىر-بىسەنكى چىداش-بەرداش،
پولاتتىنمۇ ئەجەپ مەھكەم ئىكەن، سىڭلىم، تېنىڭ-جانىڭ.

بولۇپ سەن شۇنچە لەۋ تەشنا ئىلىم-پەن كەۋسىرىن ئىچتىڭ،
بىلىمدىن ئاشتى ئەقلىڭمۇ، بىلىمدىن كەلدى دەرمانىڭ.

كىتاپنى سەن تۇتۇپ يار-دوست، ئۇنى شەرۋەت بۇلاق بىلدىڭ،
كىتاپ چاچتى دىلىڭغا نۇر، كىتاپ بولدى قەدىردانىڭ.

مېيىپ بولساڭمۇ، كۆرگەندە مېيىپلەرنى چىدالماستىن،
كۆيۈندۈڭ شۇنچىلىك قىزغىن. تومۇردا قايىندى قانىڭ.

جاسارەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن بولغاي مۇرات ھاسىل،
بۇ خىسلەت ساڭا يار بولغاچ گۈل ئاچتى ئارزۇ-ئارمانىڭ.

سۆيۈپ جاندىن گۈزەللىكنى، يامان كۆردۈڭ رەزىللىكنى،
يورۇق تاڭدەك گۈزەللەشتى، تولۇپ گۈللەرگە ھەر يانىڭ.

زامانلاشماق يولىدا سەن كەبى ئۆلگەم بىلەن شاتمەن،
ئۆگەنمەك ئىستىگىمدۇركى، يېتەكلەر ئالغا پەرۋازىڭ.

**شەرەپلىكمەن**

مېنىڭ نامىم مۇئەللىمدۇر، شەرەپلىكمەن ئۆزۈم بۇندا،
قاباھەتلىك ئۇ چاغلاردا ئۆتۈمسىزدى سۆزۈم بۇندا.

تۇمان تارقاپ، قۇياش پارلاپ، رەزىللىك بولدى شەرمەندە،
قاراڭ، نۇرلاندى ياش تۆكمەي مېنىڭ ئۆتكۈر كۆزۈم بۇندا.

ئۇماق غۇنچە-چېچەكلەر تەلپۈنۈپ دەيدۇ مېنى باغۋەن،
خۇشالمەن. بەختىيار قىلدى ئادالەتلىك تۈزۈم بۇندا.

1984 - يىل مارت.

www.uyghurkitap.com

ئابلىز ھەسەن

# كۆنچى ناخشىلىرى

(چاتما)

## كۆنچى بويلىرىدا

قىلىن قار، كۆك مۇزلار قاپلىغان تىك تاغ،
قوينىدا ئېقىنلار ئۈزۈلمەس ئەبەت.
كۈمۈشتەك ئېقىندىن سۆيۈنگەن تۇپراق،
كېڭىيىپ گىملەمدەك يېيىلغان مۇنبەت.

ئالەمچە ئىشقىمدا چىقتىم تاغلارغا،
ئەي كۆنچى دەرياسى، كۈيلەي دەپ سىنى.
كۆزلىرىم تىك تاغدىن چۈشتى باغلارغا،
چاقنار شوخ دەريانىڭ كۈمۈش ئېقىنى.

شۇ يېشىل قىرغاقنى ئەگىپ ماڭدىم مەن،
شارقىراق دەريانىڭ نەدىدۇر بېشى؟

غۇر ـ غۇرنەم شامالدىن سەكىپ ماڭدىم مەن،
ئويلايمەن: دەريانىڭ نەچچىدە يېشى؟

ئايغى يا بېشى كۆرۈنمەس سۇنىڭ،
دۆڭلەرنى قۇچاقلاپ كېلىدۇ باشتىن.
شىددەتلىك ئېقىنلار بۆسۈپ توسقۇننى،
كېلىدۇ مارجانلار چاچرىتىپ تاشتىن.

دەريا شارقىرىسا سايرار سۆڭگۈچلەر،
سۆيىدۇ قالىغاچلار پاك سۇ يۈزىنى،
ئالەمچە ئىشقىمنى قىلىپ نامايان،
ئۇچىدۇ دەرياغا ئېتىپ ئۆزىنى...

ئەي كۆنچى دەرياسى، بويلىرىڭدا مەن،
سەن باسقان شانلىق كەڭ يوللىرىڭدا مەن.
ئىشقىم ئېقىننى قوشۇپ مەن ساڭا،
ئاقاي باغراش، لوپنۇر كۆللىرىڭگە مەن.

## باغراش كۆلىدە دولقۇنلار

نىمشقا دولقۇنلۇق دەريانى كۆزلەپ،
يۆتكەلدىم مەن باغراش كۆلىگە بىردىن.

ئىگىزدىن كەلگەچ سۇ مەنمۇ ئىگىزلەپ،
چۈشتۈم كۆي ياڭرىتىپ تاغدىن، ئېدىردىن.

شۇ دەريا بەھرىدىن گۈللەندى شۇنچە
بايلىغى چەكسىز مول كۆنچى ۋادىسى.
ئالىملار قەدىمى يەتكەن بۇ يەرگە،
تىكلەندى كۆپلىگەن بايراق خادىسى.

ئەنە، قەد كۆتەرگەن يېڭىدىن-يېڭى
ياپ-يېشىل قورغانلار-بوستانلىرى بار...
بۇ يەرنى تېخىمۇ گۈللەشكە قادىر
قەلبى بىر ھەر مىللەت ئوغلانلىرى بار.

تۇمەن كۆل-چىمەن كۆل چەكسىز ئېتىگى،
يېشىللىق دۇنياسى — باقساڭ كۆز يەتمەس.
كىم مەندەك بىر كىرسە يايراپ يۈرىگى،
جەننەتنى كۆرگەندەك قىلىدۇ ھەۋەس.

قەدىمدىن مەۋجۇت بۇ سۇ ئۆلكىسىنى،
ماكانلاپ سايرايدۇ قۇشلار شات-ئامان.
ئاڭلايمەن خەلقىمنىڭ شوخ كۈلكىسىنى،
(بۇ دەۋرىم كۈلكىگە مەنبە ھەر زامان!)

يېشىل كۆل ئۈستىدە ئۈزۈپ ئوينىغان
ئاققۇلار ناخشىسى دىلغا تونۇشلۇق.
يېشىل دۇخاۋىلار ياپقاندەك گۈزەل،
شال كەبى سۇغا قانغان قومۇشلۇق...

ئاسماندىن چۈشكەندەك سۈپ-سۈزۈك ئەينەك،
چاقنىغان جەنۇپتا ئەنە كۆمۈشتەك.
ياقۇت كۆل، ساڭا كۈي ياڭرايتتى يۈرەك،
بىپايان قوينۇڭنى كۆرۈپ بىھىشتەك.

## باش ئەگىم يولتۇزلىرى

ھەيۋەتلىك ئاقىدۇ كۈنچى دەرياسى،
باش ئەگىم ئۈستىدە ياندۇرۇپ چىراق.
شىددەتلىك دەريانىڭ كۈچلۈك ساداسى،
نۇر بىلەن مەشەلدىن تارقايدۇ يىراق.

جاھان يولتۇزلىرى يىغىلغانمۇ، تاڭ؟
كېچىلەر كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىدۇ.
باش ئەگىم ئۈستىدىن ئاققان سۇ شۇنداق
نۇر پەيدا قىلىپ، شوخ ناخشا ئېيتىدۇ.

بۇ بەردىن قۇدرەتلىك ئېلېكتىر ھەر يان
نارقىلار نۇر چېچىپ چەكسىز ۋادىغا.
نارقىلار شۇنچە زور قۇۋۋەت مەنبەسى
بۇ يەرنىڭ ساناقسىز زاۋۇت ـ كانىغا.

سانسىز كۆپ ئۆيلەرنى كۈندەك يورۇتقان،
قۇۋۋىتى ئالەمچە نۇرلۇق ئېقىن سەن.
ئەي كۆنچى ۋادىسى، مەڭگۈ تاڭ ئاتقان
ئۆلكەمدە كۈلگەن پارلاق زېمىن سەن.

گۈدۈكلەر ياڭرىغان قوينۇڭ كۈنسېرى
ئۇتۇقلار قازىنىپ زامانلاشماقتا.
ئېچىلىپ سەندىكى تىلسىملار سىرى،
ئىشىمىز داۋامەت راۋانلاشماقتا.

**بىر دەريا ـ مىڭ ئۆستەڭ، تۈمەن مىڭ ئېتىز...**

ئوت ـ چۆپكە مول يايلاق، دەريا بويىغا
ناخشىلار ياڭرىتىپ كېلەر موڭغۇللار.
گۈللەنگەن ۋادىدا زەپەر تويىنى
جور بولۇپ قۇتلۇقلار سايراپ بۇلبۇللار.

www.uyghurkitap.com

ياپ ـ يېشىل يايلاقنىڭ سانسىز قويلىرى،
گۆش، ماي، سۈت ئامبىرى دەريا بويلىرى.
ياڭرىدى يايلاقتىن تەكلىماكانغا
دەرياغا ئاھاڭداش بەخت كۈيلىرى.

چارۋىلار يامرىغان تاغلار قوينىدا،
ئەمگەكچان مەرتلەرنىڭ جاسارىتى بار.
ئۆز قولى، مېھنىتى بىرلە خەلقىمىزنىڭ
تاغنى باغ قىلار پەم ـ پاراستى بار.

تاغ يۆتكەر خەلقىمىزنىڭ ئىرادىسى زور،
يۆتكىدى دەريانى باشلاپ چۆللۈككە.
ئۆستەڭلەر قېزىلىپ، بوز يەر ئېچىلىپ،
ئايلاندى چۆللۈكلەر چىمەن گۈللۈككە.

مانا كەڭ تاشلىقتىن ئۇۋاغا قاراپ،
قېزىلدى چوڭ ئۆستەڭ ـ گويا كۆمۈش يول.
باغلاندى ئۆستەڭگە دەريا شارقىراپ،
ئايلاندى شاللىقا ئادەم بارماس چۆل.

مىڭلىزار باغلارغا كىرسە كىمىكى،
كۆرىدۇ باغۋەننىڭ كارامىتىنى.

سۇ باشلاپ كەلگەن شۇ ئەزىمەتلەرگە
ئاتايدۇ باغدىكى ھالاۋىتىنى.

بىر دەريا ـ مىڭ ئۆستەڭ، تۈمەن مىڭ ئېتىز...
قانىدۇ قوشئېرىق، سايدۆڭ ۋە ئاۋات.
گوياكى توز بولسا كۆنچى ۋادىسى،
دەريا كەڭ يېيىلغان جۈپ كۈمۈش قانات...

## دەرياغا دەريادەك ھىسارىم قايناق!...

ئەي دەريا، قەلبىمدىن ساڭا كۈي قاتسام،
ئۈن قاتار لېۋىڭدە ساناقسىز ئوغلان.
كۆزلىرىم ئاپارات، رەسىمگە تارتسام،
گۈزەللىك دۇنياسى قىلدىڭ سەن جەۋلان.

پويىز گۈدىگىگە تەڭكەش دولقۇنۇڭ،
ئاقىدۇ گۈل بېسىپ لوپنۇر كۆلىگە.
سەندىكى ھارارەت، قۇۋۋەت مەنىسى
نەۋ باھار بېغىشلار ئىنسان كۆڭلىگە.

يەردە پويىز ياڭراپ، كۆكتە كۈمۈش قۇش
قۇتلۇقلار نامايان قىلىپ گۈللەشنى.

www.uyghurkitap.com

مانا ھەقىقەتكە ئايلانماقتا چۈش،
قاچان، كىم كۆرگەن بۇ يۈكسەك ئۆرلەشنى؟

ئەي كۆنچى دەرياسى، بويلىرىڭدا مەن،
كۈيچىڭمەن، قىزىتقان تويلىرىڭدا مەن.
جۇر بولدۇم چوللەرنى گۈلستان ئەيلەپ،
دەرياچە ياڭراتقان كۈيلىرىڭگە مەن.

1984 ـ يىل ئۆكتەبىر، كورلا.

ئەسقەر ھۈسەيىن

# تاڭ سەھەر

(غەزەل)

تۈن قىزى يىرتىپ ياقا بولدى پەرىشان تاڭ سەھەر،
بولدى ئايىنىڭ كەينىدىن يۇلتۇزمۇ پىنھان تاڭ سەھەر.

تەۋرىنىپ گۈلشەندە گۈل، شوخ جىلۋىلەر قىلدى ئايان،
بەرگىنى گۈلنىڭ سابا سۆيگەندە لەرزان، تاڭ سەھەر.

بولدى زاھىر بىر گۈزەل كۈلگەن كەبى مىڭ لەۋ بىلەن،
غۇنچىلار بەس-بەس بىلەن كۈلگەندە خەندان، تاڭ سەھەر.

باغ ئارا خەندانە بۇلبۇل قىلدى يۈز مىڭ خۇش ناۋا،
قىلمىغاي ئاشىق ۋەسىل پەسلىدە ئەفغان، تاڭ سەھەر.

بۇ گۈزەل كۆكلەم گۈزەل كۈنلەر گۈزەل، سائەت گۈزەل،
شات ئۆتەر دىللار ھايات زەۋقىدە ھەر ئان، تاڭ سەھەر.

ئەر ـ ئايال، ياشۇ ـ قېرى، ئۆسمۈر بۈگۈنگى جەڭ ئۈچۈن،
زاۋۇدۇ ـ مەكتەپ ـ ئېتىزنى قىلدى مەيدان، تاڭ سەھەر.

ھەر كىشى ئاقىل ئېرۇر، پاتماس سەھەر غەپلەت ئارا،
چۈنكى نەييار بولغۇسىدۇر ھەرنە ئىمكان، تاڭ سەھەر.

تۇرغىن، ئەي ئەسقەر قولۇڭغا ئال قەلەم ئەسۋاۋىنى،
نەزمە تۇپراغىغا ئەككىن سۆيگۈدىن دان، تاڭ سەھەر.

1983 ـ يىل مارت.



## توختاش بەكرى

# ئۈچ شېئىر

## تۇرنىلار ئۇچۇپ ئۆتكەندە

ئۆتتى تۇرنا زىننەت بېرىپ ئاسمانغا،
ئوغۇل-قىزلار ماڭغىنىدەك بايرامغا.
كۆرۈپ باھار ئەلچىسىنى شاتلاندىم،
چۆمۈپ چەكسىز ھاياجانغا-ئىلھامغا.

ئەلچىلەرگە بۆكنى ئېلىپ ئويناتتىم،
كۆيلىرىگە نەينى جۇر قىپ سايراتتىم.
— سەپەرداش بوپ ئۇچالامسەن بىز بىلەن؟ —
دىدىم-دە مەن شات ناخشامنى ياڭراتتىم.

قىر-قىرۇلاپ سادا كەلدى، خور كەلدى،
كۆكتە تۇرنا، يەردە بەرنا جۇر كەلدى.
تارقاپ تۇمان، كۈلۈپ چولپان، بالقىپ تاڭ،
باشقىدىنلا نۇر ئۈستىگە نۇر كەلدى.

1980 - يىل ئىيۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## باھار ئەتىگەنلىگى

ئېگىز چوققىلار،
سۈزۈك ئۈپۈقلار،
قىزاردى ئاستا لاله رەڭگىدە،
قارامتۇل ئېدىر، قاراڭغۇ باغلار،
چۈمپەردىسىنى يەشتى بۇ دەمدە.

زەڭگەر ئاسماننى كۆزەتتىم بۇ چاغ،
ئاسمان قىزلىرى مۆكمەكتە ئىدى.
ئاسمان چوڭ دېڭىز، يۇلتۇزلار كۈمۈش،
ھە، ئۇ كۈمۈشلەر چۆكمەكتە ئىدى.

تەبىئەت مەغرۇر، قولىدا بۇ چاغ،
ئالتۇن تاۋاقنى تۇتۇپ تۇراتتى.
شۇ ئالتۇن تاۋاق پۈتۈن ئالەمگە
ئالتۇن نۇرىنى تۆكۈپ تۇراتتى.

بۇ تاڭ ئىدىكى، باھارنىڭ تېڭى،
قەلبىم جۇش ئۇرۇپ، ئىلھام، نۇر ئالدى.
باھار تېڭىنى ئېتىزدا كۆرۈپ،
باھار پەيزىدىن يۈرەك شاتلاندى.

ئېتىزدا تورغاي چۇرۇقلاپ سايراپ،
قونغۇدەك قىلدى بېغىشغا بۇ دەم.
ئۇقسام تىلىنى: "باھار تېگىنى
كۆرۈپ ئاپسەن، — دەر، — مەندىن بۇرۇن سەن."

## ئېتىز نېمەت بولىقى

ئاسماننىڭ گۈل تاجى — كېچىنىڭ شاھى،
مانا، تاغ كەينىدىن تولۇن ئاي چىقتى.
ئالتۇن كېپىنەكتەك پىل-پىل قىلىشىپ،
يۇلتۇزلار كۆز چاقنىتىپ جىلۋە قىلىشتى.

پايانسىز ئېتىزلار سۇتتەك ئايدىڭدا
تاۋلىنار،
چايقىلار
كۈمۈش بۆشۈكتەك.
سەيلىچى شاماللار يۇمران مايسىنى
قۇچاقلار نىگارىنى تاپقان يىگىتتەك.

گويا ئاق يىپەكتەك ئېتىز سۇلىرى
جانانىنىڭ چېچىدەك تولغىنىپ ئاقار.

www.uyghurkitap.com

كۆكتكى تولۇن ئاي ئەينەك قسپ ئۆزنى،
ئەكسنى كۆرگەندە شۇنچە شاتلنار.

گۈزەللك تەربيى داستانغا سغماس،
كېچنىڭ قويندا يۈرمەن مەغرۇر.
دولامدا كەتمنم پارقراپ تۇرغان،
مەن سۇ تۇتمەن، قەلبمدە ھوزۇر.

مايسلار كۈلكسگە جۇر بولار كۆڭلۈم،
بولغاچقا ئېتزم نېمەت بۇلغى.
ئېتزم گۈللسە، پاراۋان ھايات،
شۇڭلاشقا كۆڭۈللۈك ئېتز قۇچغى.

ئۆيۈمدەك سېزمەن ئېتزدا ئۆتكەن —
مېھنەتتە تەر تۆككەن ھەر بر كۈنۈمنى.
سرداشم قاداققول چۋەر دېخانلار،
ئالمەن شۇلاردن يۈرەك كۈيۈمنى.

1980 ـ يىل سېنتەبر.



**ياسىن ھاۋازى**

# سوغا گۈللىرى

(چاتما)

— بېيجىڭ تىياتىر ئىنىستىتۇتىنىڭ 1964 - يىلى پۈتتۈرگەن شىنجاڭ سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىغا بېغىشلايمەن.

## بېغىشلاما

ئاپىرىن دەر خەلقىم دەۋر سەھنىسىدە،
دەستە گۈللەر شەنىگىلەرگە مۇناسىپتۇر.
قوبۇل قىلىڭ دوستلار، ئەسلەش گۈللىرىنى،
ئەل قاتارى سوغا دىسەم مۇۋاپىقتۇر.

## بارىكاللا

— بىر قېتىملىق خۇلاسە ئويۇنىنى كۆرگەندىن كېيىن.

قانچە يىللىق كۆرەشلەرنىڭ غەلىبىسىنى
قۇتلۇقلىغان چوڭ مۇراسىم ئېچىلغاندەك؛

www.uyghurkitap.com

خوشاللىقنىڭ شوخ ساداسى جاراڭلايدۇ،
گويا ھۆرمەت ئوركېستىرى چېلىنغانـدەك.

نۇر جىلۋىسى ئوينايدۇ ئاي يۈزلىرىدە،
چولپان كۆزلەر ئۆچمەس بولۇپ چاقنىغاندەك.
ئىلھام بىردىن يۈرىكىمدە جۇشقۇنلىدى،
گاڭ ئىشچىنىڭ مارتىن پېچى قاينىغانـدەك.

خۇش ناۋاچى بۇلبۇل كەلدى يادىمغا ھەم،
ئېيتقان ھەر بىر ناخشاڭلارنىڭ ساداسىدىن.
كۆز بېقىشىپ ئوينىغاندا قىز-ئوغۇللار،
گۈل ئېچىلدى كۆڭۈل ئېچىش سەيناسىدىن.

سازىڭلارنىڭ مۇڭلىرىغا سۆيۈندى دىل،
پەدىلەرنىڭ رىتىمىدەك سوقتى يۈرەك.
رازى بولدۇق كۆرسىتىلگەن ماھارەتتىن،
كۈتكەن گۈزەل ئارزۇيىمىز ئاچقاچ چېچەك.

— توختا شائىر، — دېدى بىرسى قۇلىغـىمغا:
— بىلسۇن سىنىڭ يۈرىكىڭنى يارۇ-دوستۇڭ.
بۇ شېئىرنى يازدىڭ قانداق ئىلھاملىنىپ،
قانداقىسغا گۈل شېخىغا سايراپ قوندۇڭ؟

— سوراپ قالدىڭ، ئېيتقاي دوستۇم، سالغىن قۇلاق،
تەسىراتتىن تۇغۇلدى بۇ نەزمە ــ شېئىر.
بىلدۈرىمەن قەلىمىمدە ئالەمدىمۇ —
ئەۋلادىمغا مەن قالدۇرۇپ جۇشقۇن پىكىر.

ئاقىل، نادان ئۈچۈن ئۆلچەم ئەمەس مىللەت،
بىلمەسلىكتۇر ھەركىم ئۈچۈن يامان ئىللەت.
ئىمكان شېخى تۇرماس ساڭا دەل ئېگىلىپ،
بولمىسا گەر ھىممەت بىلەن سەندە غەيرەت.

ئىلى، تارىم سۈيىن ئىچكەن ياش نوتىلار،
يېتىلىپتۇ مانا سەنئەت باغلىرىدا.
چىچەن ئىكەن دىخان، چوپان پەرزەنتلىرى
ئۇزۇشكىمۇ سەنئەتكارلار يايلىغىدا.

مەن ئاپىرىن دىمەي نىچۈن شۇ تىرىشچان
شۇڭقارلارغا، بۇلبۇللارغا، گۈلشەنگە ھەم.
ئۈنچە تىزدىم ئاق قەغەزنىڭ بەتلىرىگە،
ئىلھاملىنىپ زوقۇم كەلگەچ ئېلىپ قەلەم.

شۇڭا دەيمەن چۈشۈۋېلىپ قۇدۇقلارغا،
ماراپ ياتماي ئۈگىنەيلى، كۆكلەيلى.

سەنئەتسىز بۇ ھايات چۆلدەك بەك كۆڭۈلسىز،
سەنئەت بىلەن ياشاپ مەغرۇر بىز كۈلەيلى!

1961 - يىل 20 - ئاۋغۇست، بېيجىڭ.

## خۇش خەۋەر

—— شىنجاڭغا پىراكتىكىغا كەلمەكچى بولغانلىقىغا بېغىشلاپ.

ئالدىنقى كۈن ئاڭلىدىم تېخى،
جابدۇنۇشلار پۈتۈپ، شىنجاڭغا
يول ئالماقچى بولغىنىڭلارنى.
بۇ خۇش خەۋەر
باھار ئەلچىسىدەك تۇيۇلدى،
كۆڭلۈم بېغىغا نۇرلار قۇيۇلدى،
ئېچىلدۇرۇپ گۈل - غۇنچىلارنى.

ئىشتىياق بۇلبۇللىرى سايراپ شوخلىنىپ،
گۈل لېۋىنى سۆيۈپ زوقلىنىپ،
ئۆتكىنىدە تۇغۇلدى پىكىر،
قەلبىم قېتىدا ئوتتەك نۇرلىنىپ.
يازدىم شۇڭا لىرىكا - شېئىر،
گۈل - غۇنچىلارغا ھەر دەم ئىنتىلىپ.

قاتلىرىغا مېھرىمنى سىلىپ،
يۈرىگىمنىڭ سوغىسى بىلىپ،
تۇتتۇم سىلەرگە بۇ گۈلدەستىــنى.
قەلىمىمنىڭ قۇربىتى ئاجىز،
سىز ياش كۆچەتلەر شەنىگە لايىق
بولمىغاندۇ تەييار ئەتكىنى!

سانىماڭلار مېنى ئەيىپكار،
شۇنچە ئاددى بولسىمۇ سوغام،
پارلاق تىلىگىڭلار ئالدىدا ئەگەر.
دوستۇڭلارنىڭ ئۈمىت، شاتلىــغى —
قوبۇل بولسا سوغام،
سىلەردىن
قايتقاندىمۇ ئاڭلاي خۇش خەۋەر!

1962 ـ يىل ئىيۇن، بېيجىڭ.

## يول بولسۇن

"يول بولسۇن، دوستلىرىم يول بولــسۇن"
خان تەڭرى تامان ئاق يول بولسۇن.
بۇ ئۇزۇن جاپالىق سەپەردە،
ھەر قەدەم خەتەرسىز ئوڭ بولسۇن.

دەرت بولار دوستلارغا ئايرىلىش،
ۋە لېكىن مېنىڭدە شاتلىنىش،
شاتلانغان يۈرىكىم ھەممە چاغ،
سىلەردىن ئايرىلماي جۇر بولسۇن.

كېلىچەك يولىنى تەڭ بېسىش،
دوستلۇقنىڭ گۈلىنى ياشنىتىش،
بۇ ئارزۇ-بۇ ئارمان يولىدا،
تۇتاشقان رىشتىمىز بىر بولسۇن.

قالسامۇ سىلەردىن كۆپ يىراق،
ساقلايمەن دىلىمدا ئىشتىياق.
قەلبىمىز دوستلۇققا چىن سادىق،
مەدھىيلەپ سۆزلەشكە تىل بولسۇن.

نۇرلىنىپ بىلىمدىن دىلىڭلار،
بېيىجىڭدا ئۆتتى ئۈچ يىلىڭلار،
بۇ چاغلار مەڭگۈگە ئۇنتۇلماس،
ئۆمۈرنىڭ چېچىگى گۈل بولسۇن.

بارساڭلار شىنجاڭغا سالام دەپ،
كۈتىدۇ كەل ئوماق بالام دەپ،



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ھۆر ـ گۈلشەن مەكتەپىنىڭ مېھرىنى،
ئېيتساڭلار، چوڭ بايرام ـ توي بولسۇن،

تەنتەنە ئىچىدە شۇ تويدا،
ھەيۋەتلىك بىزەلگەن مەيداندا،
ئېلىپ خەلق كۆڭلىنى ئويناڭلار،
كۆك قۇچۇپ ناخشاڭلار خور بولسۇن.

ئالقىشلاپ بۇ يېڭى ناخشىنى،
كۈتسە ئەل يەنمۇ ياخشىنى،
باھارى بۇركۈتتەك ئۇچۇڭلار،
شۇ سەھنە ئاسماندىن زور بولسۇن.

«مالەنخۇا»* غۇنچىسى ئېچىلىپ،
تارىمنىڭ گۈللىرى قېتىلىپ،
كىشىگە باھاردەك زوق بېرىپ،
ئىلھامى دىللارغا پۇر بولسۇن.

شۇ كەبى سىناقتىن ئۆتكەندە،
خەلقىمىز كۆرۈپ پەيز سۈرگەندە،

* «مالەنخۇا» ــ شۇ چاغدا شىنجاڭدا پىراكتىكا قىلىشقا بېغىشلاپ تەييارلانغان دراما.

بارىكاللا ئېيتىشىپ قۇتلىسۇن،
مەدھىيە چېكى يوق كۆل بولسۇن.

ئۆركەشلەپ شۇ كۆلنىڭ قاينىمى،
راست قىزىپ زەپەرلەر بايرىمى.
يازسەن شۇ چاغدا چوڭ داستان،
تەشناغا شەرۋەتلەر مول بولسۇن!

1962 ـ يىل 27 ـ ئىيۇن، بېيجىڭ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## توختاجى روزى

# ئىككى شېئىر

### زاماندا شلارغا

زاماندا شلار: "قىيىن ئىش يوق ئالەمدە،
ئەجىر قىلىپ، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە."

*    *    *

يۇلتۇزلارغا خىيال بىلەن باقىمەن،
مۇئەللەقتە گويا قانات قاقىمەن.
ئاي، مارستىن ھالقىپ ئۆتۈپ مېركۇرى،
يۇپىتېر...دا نۇرغا سىڭىپ ئاقىمەن.

زەپمۇ چەكسىز - بىپايانكەن بۇ ئالەم،
خىيالەتتە يەنە يەرگە قايتىمەن.
ۋادەرىخا!...بىلگەنلىرىم زەررىكەن،
دىلدا سىر ئوت، شۇ ئوت بىلەن يانىمەن.

ھاياتلىققا كېلىپ نە ئىش قىلدۇق بىز،
بۇرچى نىمە زادى ئىنسان دىگەننىڭ؟

دۇرۇسىدۇ ياشاش ئۆزى ئۇچۇنلا،
ئۇمىدىچۇ...ھەر كىشىگە ۋەتەننىڭ.

كۆتۈپ تۇرار نى ـ نى سىناق ـ ئۆتكەللەر،
ئالەم چەكسىز،
بۇرچىمىزمۇ چەكسىزدۇر.
ياشاش كېرەك ئىنسان دېگەن ئىنسانچە،
ئۇنىڭ قۇربى ئالەمدە چوڭ، تەڭسىزدۇر.

قىيىن ئەمەس دەيمەن جەسۇر ئادەمگە
يىگىنە بىلەن گۆھەر كانى كولىماق.
قىيىن ئەمەس زېھنى، كۈچى، ئەجرىدە،
سەييارىدە زەپەر كۈيى تولۇلماق.

ئەقىل، قۇدرەت ـ جاسارەت بار ئىنساندا،
يەتمەس ئاڭا ئۆزگە ھېچبىر مەخلۇقات.
ئۇنىڭ بىنا قىلغان ئىشى ئاز ئەمەس،
بىھىساپتۇر ئىنسان ئاچقان تىلسىمات.

قانچە ـ قانچە چوققىلارنى ئالدى ئۇ،
تۆھپىلىرى باھاسىز ۋە ئۆچمەستۇر.
ئىنسان يازغان شانلىق قىسسە تارىختا،
ئەۋلاتلاردىن ئەۋلاتلارغا ئۆلمەستۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

بىراق، دوستلار، ئالەمدىمۇ ئىش تولا،
تېخى ئىنسان يېڭىغىمۇ بارمىغان،
كۇھى ئاپەت، تىلسىم، مۇشكۇل...تەكتىگە
يېتىپ، سىرلىق يىلتىزىنى قازمىغان.

ئالەم سىرى شۇنچە ھەيۋەت، سىرلىقمۇ،
زادى ئىنسان يېتەلەمدۇ تەكتىگە؟...
ياق!...
ئىنسانلار كۈچلۈك ھامان ۋە غالىپ،
ئۇ ئالەمنى سالار چوقۇم لەرزىگە.

چىگىشلەرنى ئىنسان قولى يېشىدۇ،
تىلسىملارغا ئەقلى ئاچقۇچ تاپىدۇ.
ئىرادىسى، ئىجتىھادى مۇشكۇلنىڭ
گەجگىسىگە دەسسەپ تۇلپار چاپىدۇ.

* * *

كەڭ ئاسمانغا زوقۇم بىلەن باقىمەن،
مۇئەللەقتە گويا قانات قاقىمەن.
قۇچاقلىشىپ قۇياش بىلەن، ئاي بىلەن،
نۇرغا سىڭىپ يەر-كۆككە ئاقىمەن.

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇرۇم پەرۋاز قىلار بەھوزۇر،
ئۇ ئالەمنى چاقماقتىن تېز كېزىدۇ.
شوتا بولساق يەر-ئاسمانغا، دوستلىرىم،
كۆڭلۈم ھامان شۇ ئارزۇدا ئۆزىدۇ...

ئارزۇ ئۈچۈن لازىم قەيسەر ئىجتىھات،
ھە، ئۇنىڭسىز ئارزۇلىرىڭ كۆلمەيدۇ.
ھالال تەردىن ئالتۇن قەسىر ياسايلى،
ئۆمۈر ئۆچەر، ئەمما ئەجىر ئۆچمەيدۇ.

## مەن ھاياتقا كەلدىم قايتىدىن

يىللار ئۆتۈپ، ئۇلغىيىپ يېشىم،
ئورتا ياشقا بوپتىمەن تالىق.
ئۆز-ئۆزەمگە سوئال قويىمەن:
نە ئىش قىلدىم شۇ ياشقا لايىق؟

بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى نىمە،
يەتتىم ئۇنىڭ قەدرىگە قانداق؟
ئەلنىڭ شاتلىق ۋە قايغۇسىغا
بولدۇممۇ، يوق مەنمۇ تەڭ ئورتاق؟...

بەردى جاۋاپ ئۆتكەن كۈنلىرىم:
ئۆتتى ياشلىق لاي سۇدەك ئېقىپ.
يوق "ئەپسۇس"نى ئالغۇدەك قاچا،
مېڭىش لازىم ئالدىغا بېقىپ.

ۋاراقلىدىم ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ
دەپتىرىنى يەنە ئاختۇرۇپ.
ۋەتەن ئۈچۈن تۈزۈكرەك تۆھپە
تاپالمىدىم زادى ياقتۇرۇپ.

قۇرۇق ئىكەن هايات دەپتىرىم،
ئالتۇن ياشلىق بىكار ئۆتۈپتۇ.
ئەل ئالدىدا، ۋىجدان ئالدىدا،
ياشلىق ئۆمرۈم قەرزگە پېتىپتۇ.

خىجىللىقتىن قىسىلدى يۈرەك،
تەرپىلەش تەس تىل بىلەن بۇنى.
ئەيىپلىكمەن! ئەمما، ئانا ئەل،
ئاتىمىدى ئەيىپلىك مېنى...

ئېخ!...ۋەتىنىم — سۆيۈملۈك ئانام،
چۈشىنىمەن سېنىڭ قەلبىڭنى.

www.uyghurkitap.com

نى ـ نى دۆست، نى ـ نى ئىشەنچتە
ئۆستۈرگەنىنىڭ تۆكۈپ ئەجرىگنى.

مەن خىجىلمەن سىنىڭ ئالدىڭدا،
مىۋىسى يوق دەرەخلىگىمگە.
بىراق، مىنىڭ بەدەنلىرىم ساق،
باق ئەمدىكى بۇ باھارىمدا
قايتا ياشناپ چىچەكلىشىمگە.

چىچەكلىرىم شەربەتلىك مىۋە،
خىجالىتىم ئۈزۈق ئەھدىمگە.
مەن ھاياتقا كەلدىم قايتىـدىن
ساۋاقلارنى پۈكۈپ قەلبىمـگە.

يۈك بولمايمەن، ئەلنىڭ يۈكىنى
كۆتەرگۈچى دۈلدۈل بولىمەن.
ئەل بېغىدا ئەل ئۈچۈن پەرۋان،
كۈيى باھار بولبۇل بولىمەن.

جەڭگاھلاردا يالقۇن بولىمەن،
يالقۇندىكى ئالتۇن بولىمەن،

كۆۋرۈك ئەمەس، دەريا ـ دېڭىزدا
ئۆركەشلىگەن شاۋقۇن بولىمەن؛

چاقماق بولۇپ بۇلۇت يارىمەن،
كاراپ بولۇپ دولقۇن يارىمەن،
ماياك بولۇپ ساھىل كۆرسىتىپ،
كويىقاپقا قارشى ماڭىمەن.

* * *

مەن ھاياتقا كەلدىم قايتىدىن،
ساۋاقلارنى پۈكۈپ قەلبىمگە.
يۈرىگىمدىن ئەمەل قىلىمەن
قىلغان لەۋزىم، قەسەم ـ ئەھدىمگە.

چۈشەندىمكى، ھايات دىگەن سۆز
ئىگە ئىكەن كەڭرى مەنىگە.
ئۇلۇغ ئىكەن تامچە قەترىمۇ،
چىن كۆڭلۈكدىن ئاتىساڭ ئەلگە.

ھالال تەرىم ـ ئىجادىم بىلەن
مەن قەرزىمنى قىلىمەن ئادا.
مەڭگۈ مەزمۇت "ۋېنتا" بولىمەن
ئەلنىڭ بۈيۈك پاراۋۇزىدا.

1982 ـ يىل فېۋرال.

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

نۇرمۇھەممەت زامان

# نىفىت شەھرىدە

(چاتما)

## پولات ئېقىم

بۇ يەردە ۋاقىتنىڭ ئەۋزەللىگى زور،
سېزىلەر ھەر مىنۇت ئالتۇندىن قىممەت.
كۈن بىلەن، ئاي بىلەن سۈرئەت تالىشىش
ھەر ئىشچى قېنىغا سىڭگەن پەزىلەت.

ماڭدۇ بەس ـ بەستە ئىشچىلار سەھەر،
يوللاردا ھەر ياندىن جەڭگاھقا قاراپ؛
گوياكى ئاققاندەك ھەيۋەتلىك ئېقىم،
ئۆركەشلەپ بىپايان دېڭىزغا قاراپ.

## تۇرۇبىلار

قارىسام مەن ئېگىزدىن پەسكە،
تۇرۇبىلار ياتار يانمۇ ـ يان.

ئۆركەش ياساپ ئاقىدۇ نېفىت،
تومۇرلاردا ئاققان كەبى قان.

ئىشچىلارنىڭ سوغىسى، مېھرى
تۇرۇبىدا دولقۇنلاپ تاشقان.
ئاشۇ نېفىت دولقۇنى بىلەن
ۋەتىنىمنىڭ قۇدرىتى ئاشقان.

## پېچ ئالدىدا قەھرىمان ئىشچى

پېچ ئالدىدا قەھرىمان ئىشچى،
يالقۇنلايدۇ يۈزلىرىدە نۇر.
قانچە تاغنى ئاتقۇزدى شۇنداق
پېچ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇ مەغرۇر.

ئىرادىسى پولاتتەك ئۇنىڭ،
پىسەنت قىلماس يالقۇنلۇق ئوتقا.
دەريا-دەريا نېفىتنى ئايرىپ،
شان كەلتۈرەر بۇ ئانا يۇرتقا.

## سېخ مۇدىرى

ئۇ ئۆتمۈشتە خاڭ ئىشچىسىدى
قەلبى دەرتكە، ئەلەمگە تولغان.

كۆرمىدى ھېچ كۈننىڭ نۇرىنى،
جاھان ئاڭا بولغاچقا زىندان.

كومپارتىيە بولۇپ باش پانا
قۇتقۇزغاچقا ئۇنى قۇللۇقتىن.
ئۇ شاتلاندى دىللىرى يورۇپ،
نۇرغا تولغان دەۋر مېھرىدىن.

ئەنئەنىۋەندە يانغان پەزىلەت
نۇرلاندۇردى ئۇنىڭ دىلىنى.
نېفىت شەھىرى يارىتىش ئۈچۈن،
چۈشتى ئۇ چىڭ باغلاپ بېلىنى.

مۇشكۈللەرنىڭ توسقۇنلىرىدىن
يېرىپ ئۆتتى بۇ "تۆمۈر ئادەم".
پارتىيىمىز كۆرسەتكەن يولدا
ئالغا قاراپ تاشلىدى قەدەم.

گويا گاڭدەك تاۋلىدى ئۇنى
ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ بورىنى.
پېچ ئالدىدا تۇرار مەردانە
ئۇ — جەڭگىۋار سېپىنىڭ مۇدىرى.

1979 ـ يىل فېۋرال.

## تۇرسۇنئىياز

# غەزەللەر

### ئون يىلغا خىتاپ

خىتاۋىم شۇ ساڭا ئون يىل: گۈزەل ياشلىق چېغىمنى بەر،
بۇگۈن قاردەك سۈپەت كىرگەن قارا قۇندۇز چېچىمنى بەر.

نەزەر سالسام چىرايىمغا كى ئەينەكنى قىلىپ شاھىت،
كىرىپتۇ مىڭلىغان قورۇق ، قىزىل گۈلدەك يۈزۈمنى بەر.

كۆيۈپ ئۆچتى ھايات شامى سېنىڭدە بەۋاقىت قانچە،
چاناقتىن سەل كەبى ئاققان گۇناسىز كۆز يېشىمنى بەر.

ئېچىلماي گۈل غازاڭ بولغان، كى بۇلبۇلغا ئۇۋال بولغان،
باغۇەنسىز قۇرۇپ كەتكەن، يېشىل بوستان بېغىمنى بەر.

جىمى پەسىلدىن گويا قىشتەك، قۇچاق ئاچتى زىمىستانغا،
چېچەك پەسلى باھارىمغا قوشۇپ جەننەت يېزىمنى بەر.

www.uyghurkitap.com

كىشى ئالداپ قۇرۇق ساندا ۋەزىيەتتىن ھوسۇل ئالماي،
ھەقىقى مول، باياشاتلىق، ئەسىل ئالتۇن كۆزۈمنى بەر.

مىنۇت كۆندەك، كۆنلەك يىلدەك قىيىن ئۆتتى قىيامەتتە،
تاياق-كالتەك، ھاقارەتتە كىشەنلەنگەن تىلىمنى بەر.

قىلىپ مەھرۇم ھاياتىمنى خوشاللىقتىن، مۇھەببەتتىن،
"سىرىق مال" دەپ پىچەتلەنگەن گۈزەل ناخشا-سىزىمنى بەر.

خاراپ بولدى زامانىڭدا تۈمەن مىڭ مەرىپەت ئەھلى،
كۆيۈپ ئوتتا چۇچۇل بولغان كىتاپ، داستان — چىنىمنى بەر.

مانا ئۆزگەردى بۇ دەۋران، ئايان بولدى سىرىڭ بىزگە،
چىكىنمەيدۇ يەنە تارىخ، قىنى ئالتۇن چىغىڭنى بەر.

1977 - يىلى، قەشقەر.

## كىشى

خارۇ-زار بولماس جاھاندا يۇرتىنى سۆيگەن كىشى،
ھەر زامان ئانا ۋەتەنىنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن كىشى.

شان قۇچۇپ ئۆمرى-ھاياتى، ساقلىنار نامى ئەبەت،
ئەل ئىشىغا جان پىدا قىلىپ، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن كىشى.

ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ئەزىزدۇر نەگە بارسا بەختىيار،
چىن ئىجات مېھنەت بېغىغا ئەجرىنى تۆككەن كىشى.

تەڭتۇشى يوق بىباھادۇر، ھۆرمىتى ئالەمگە تەڭ،
كەلگۈسى ئەۋلات غېمىنى قەلبىگە پۈككەن كىشى.

خەسكە ئوخشاش قەدرى بولماس، ھەممە يەردە خارۇ-زار،
نام-ئاتاق، شۆھرەت كويىدا غەم قىلىپ ئۆتكەن كىشى.

مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ رەت تىرىلسۇن، شۇندىمۇ بىئېتىۋار،
قاغا قونماس دۆڭگە ئوخشاش تۆھپىسىز كەتكەن كىشى؛

ئۆز بىلىپ تۆكسەڭ سىرىڭنى، دوست بولالماس ھېچقاچان،
ئالدىدا دەردىڭگە يىغلاپ، كەينىدىن كۈلگەن كىشى؛

ئەستە تۇتقىن ئەي نىيازى، سۇرىتى ئادەم ئىرۇر
باشقىلارنىڭ كۆز يېشىنى مەي قىلىپ ئىچكەن كىشى.

## باشقىچە

كۆر، بۈگۈن كەلدى باھارىم، يەرۇ-ئاسمان باشقىچە،
ھەر چېچەكتە مىڭ تەبەسسۇم، لالە-رەيھان باشقىچە.

www.uyghurkitap.com

باغدا بۇلبۇل بەزمە قۇرسا، ئۇن قاتار كاككۇك كېلىپ،
مەشۇغى گۈل ـ غۇنچىلارغا ئىشقى خەندان باشقىچە.

تاڭ ساباسى ئەركىلەپ سۆيسە يۈزىنى ناز بىلەن،
ئويناشار تاڭدا پەرىلەر، قەلبى گۈلـخان باشقىچە.

كەتتى كەلمەسكە چىچەكنى تۆككۈچى سۇرۇن بۇلۇت،
چەشمىسى ئارزۇ ـ ئۈمىتنىڭ دىلدا فونتان باشقىچە.

كەڭ زېمىن ـ گۈلشەن دىيار ئاچقان ھاياتقا خۇش چىراي،
ئىنتىزار قايناق چېلىشقا مەركە ـ مەيدان باشقىچە.

ئەل ـ ۋەتەن مېھرى يۇرۇشتە تەنگە جان، جانغا مادار،
سالدى ئات كۆتكەن نىشانغا بارچە ئىنسان باشقىچە.

بۇندا باغۋەن، گۈلچى قىزنىڭ ھۆرمىتى ئالەمگە تەڭ،
ۋەسلىگە يەتكەن گۈلدەك ئارزۇ ـ ئارمان باشقىچە.

بۇندا مېھنەت، كەشپىياتنىڭ قىممىتى ئالتۇنغا تەڭ،
شان ـ شەرەپ قۇچسا كىمكى تىلدا داستان باشقىچە.

قىلسا جۇرئەت، كۈچ-جاسارەت ئىلىم-ئىرپان ئالدىدا،
بار ئاڭا مارىسقا قەدەر چىقماققا ئىمكان باشقىچە.

تارتىدۇ دىلنى تۈمەن مىڭ مۆجىزە ھەر كۆنلۈگى،
قانچە يازساڭ، شۇنچە ئازدۇر، بۇندا ئىلھام باشقىچە.

ئەي نىيازى، ئۆتسە ئۆمرۈڭ شۇ گۈزەل بوستان ئارا،
قالمىغاي ئەردى سىنىڭدە قىلچە ئارمان باشقىچە.

1980 - يىل ئاپرېل

## ناخشام

تۆرەلدىم زەۋقى ئىشقىڭدىن، تېنىمگە جان كىرىپ ناخشام،
تۇغۇلدۇم ھىس-خۇمارىڭدىن ھاياتقا كۆز ئېچىپ ناخشام.

ئۈنىڭ بولدى يەنە دەسلەپ قۇلاققا كىرگىنى مۇڭلۇق،
بۆلەندىم ئەللىيىڭ بىرلە، بۆشۈكنى باخ ئېتىپ ناخشام.

يېتىلدى تەنلىرىم ئوتلۇق، يېنىپ تۇرغان گويا چوغدەك،
لىرىكاڭ پىلتىسى دائىم يۈرەككە ئوت يېقىپ ناخشام.

غېمى قايسى ھاياتىمنىڭ جاھاندا بىلمىدىم ئەسلا،
مۇھەببەت جامىدا سۆيگۈ شارابىڭنى ئىچىپ ناخشام.

ئېشىپ مۈشكۈل داۋانلاردىن سەپەردە ھارمىدىم زىنھار،
پەلەككە ياڭرىغان ئەۋجىلىك كۈچۈمگە كۈچ قېتىپ ناخشام.

بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، ياشاشتىن قىلمىدىم پۇشمان،
ئۈمىت نۇرۇڭ كېلىپ غالىپ، ئۆلۈمنى ھەم يېڭىپ ناخشام.

دېدىم ھەر ئان سېنى تىڭشاپ: "قېنى سەن ئەي گۈلى رەنا؟"
سېنى ئىپتىقان نەفەسدەك پەرىنى يات ئېتىپ ناخشام.

پەخىرلەندىم گادايلىقتىن، ئۇچامدا تۇرسىمۇ جەندە،
ئۆزەمنى چىن بەختلىكلەر قاتارىدا سېزىپ ناخشام.

ئاتالدىم بۇلبۇلى شەرقىنىڭ، جاھان گۈلزارىدا قانچە
مۇقامىڭ شەۋكىتى تۆردىن ھەمىشە جاي بېرىپ ناخشام.

بېشىم يەتتى يەنە كۆككە يېڭى دەۋران ـ باھارىمدا،
زامانىم باغۇنى دىلبەركىسى قەددىڭگە يېتىپ ناخشام.

تۆرەلدىم بىر سېنى ئويلاپ، ياشاپ كەلدىم سېنى تاۋلاپ،
ئۆلۈپ كەتسەم نىمە ئارمان ئۈنۈڭگە ئۇن قېتىپ ناخشام.

نە ھاجەت كۆز يېشى ئەلنىڭ، نىيازى مىڭ تۇمەن رازى،
قويۇشسا قەۋرىگە دوستلار سېنى بىر رەت ئوقۇپ ناخشام.

1981 ـ يىل قەشقەر.



www.uyghurkitap.com

مەتىمىن ھەزرەت

# ئۈچ شېئىر

## باھار دىمەك

باھار ھەققىدە بولدى غۇلغۇلا،
سەن دىدىڭ:
"يېشىللىقتۇر باھار بەلگىسى."
ياق،
بىرلا يېشىللىق
باھار پەسلىگە سىمۋول ئەمەس.
باھار دىمەك
تۈمەن گۈل-چېچەكنىڭ كۆركى-جىلۋىسى،
تۈمەن خىل رەڭلەرنىڭ نامايەندىسى.

## ئۆكۈزگە مەدھىيە

تەبىئەت دۇنياسىغا
سەن بۇرۇن يارالغانمۇ ياكى ئىنسانمۇ،

بۇ توغرىدا ساۋادىم تۇتۇق.
بىراق قەلبىمدە،
ئەي، جىبنى تۆمۈر، قەددىردان جانىۋار
ھۆرمىتىڭ ئۇلۇغ.

چۈنكى سەن،
ئادەم بالىسى
بۇقوسا تۇتۇشنى بىلگەندىن بېرى،
كەلدىڭ ئۇلارنىڭ ھەمراسى بولۇپ.
شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە
كۆرۈنسەن ھامان
بارچە مەخلۇقلارنىڭ بەرناسى بولۇپ.

قالىغاچ بەرگەندە كۆكلەمدىن خەۋەر،
پەيدا بولسەن ھەممىدىن بۇرۇن
ھور كۆتىرىلىپ تۇرغان قىرنىڭ باغرىدا؛
قوللىرى قاداق،
بىراق ۋۇجۇدى
ئۈمىت بىلەن ياشارغان دىخان ئالدىدا.

تونۇر تەپتىدەك تومۇز ئىسسىغى،
ئۆتەر ئۆمرۈڭ خامان يۇمشىتىپ.

www.uyghurkitap.com

كۆز ئايلىرىدا
بويۇنلىرىڭ بولدۇ يىغىر
ساپان سۆرەپ،
قاتقان تۇپراقنى قايتا بوشىتىپ.

قار كېچىپ يۆرۈپ
قەھرىتانلىق ئاياز كۆنلىرى،
دىخان ئۆچۈن توشۇيسەن ئوتۇن.
قىش كېچىلىرى تارتىسەن جۇۋاز،
ئاھ، بۇ كۆنلەرنىڭ تۆنلىرى ئۇزۇن...

پەقەتلا ئوت-خەس،
ھەمىشە شۇدۇر
سېنىڭ ئۈچۈن يەمەكلىك-ئوزۇق.
بىراق سەندە بار
پولاتتەك چىدام،
ئۇرغۇپ تۇرىدۇ جىسمىڭدا سېنىڭ
كۈچ-قۇۋۋەت تولۇق.

مېھنەتتۇر ئىشىڭ،
ئۆمرۈڭ مېھنەتتە ئۆتىدۇ پەقەت.
ئەمما، ھېچقاچان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ھېچبىر كىشىدىن
ھەققىڭنى سورۇشتە قىلمايسەن ئەبەت.

تارىختىن بېرى
ئاشۇ پېتى كەلدىڭ سەن ياشاپ.
تەرلىرىڭنى،
ھاياتىڭنى
كىشىلەرنىڭ بەختىگە ئاتاپ.

زەنجىر چاقلىق پولات ئۆكۈزلەر
يەڭگىللەتمەكتە يۈكىڭنى بۈگۈن.
خوجايىنلىرىڭنىڭ ھاياتى كەبى
يارالماقتا بەختلىك چاغلار،
ھالاۋەتلىك كۈنلەر سەن ئۈچۈن.
بوقۇسلار، ساپانلار ھەتتا،
تارىخ مۇزېيىدىن ئالىدۇ ئورۇن.

چۈشەندۈرگەندە نەۋرىلەرگە بىز،
بۇ ئەگرى ياغاچنىڭ نېمىلىكىنى،
سېنىڭ تۆھپەڭنى قىلىمىز بايان
بۇ توغرىلىق بولغاندا پاراڭ،
سېنىڭ مىسلى ئەگداشسىز رولۇڭ.

كىشىلەر كۆڭلىدە بولىدۇ ئايان.
دىمەك، سىنىڭ ئەجىر - تۆھپەڭنى
ئۇنتۇمايدۇ مېھنەتكەش دېخان.
ئۇنتۇمايدۇ سانائەت دەۋرى،
ئۇنتۇمايدۇ تارىخ ھېچقاچان.

1980 - يىل ئىيۇن.

## ئوغلۇمغا

ئەي ئوغلۇم!
كۆڭلۈمنىڭ ئارامى،
ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر پارچىسى،
ھاياتىمنىڭ داۋامى.
ئۆسكىن تىرىك ئادەم بولۇپ،
بولۇپ قالمىغىن جانسىز
كۆلەڭگەم - سايەم،
ۋۇجۇدىڭدا قىلسۇن تەنتەنە
ئارزۇيۇم - غايەم.

يېتىلگىن روھىمنىڭ ئوبرازى بولۇپ،
ۋە بولغىن
ئېگىلمەس - سۇنماس

www.uyghurkitap.com

ئىرادەمنىڭ نامايەندىسى؛
كۆتەرگىن چىدام بىلەن
قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ،
ئىلىم ـ پەننىڭ يۈكى ـ جەۋرىسى.
ساڭا تەئەللۇق بولغۇسى
شۇ چاغ،
كېلىچەك دۇنيا،
پارلاق كەلگۈسى.

1980 ـ يىل ئاۋغۇست.

مۇھەممەت سىدىق تۆمۈرى

# دالا كۈيلىرى

## ئۆس، مايسىلار!

شىلدىرلاپ يۇمران مايسا زوق قوزغىتىپ،
بىر لىرىك نەزمە يازار دىل بېتىگە.
ئۇپۇقنى سۆيگەن كېۋەز دالاسىغا
قارىساڭ يەتمەيدۇ كۆز چەت ـ چېتىگە.

ئوت ئوتاش ماشىنىسى ئىشلەر ئەپلىك،
چۈنەك ۋە قاشلار توپ ـ توز، شۇنچە رەتلىك.
بوۋاقتەك تەلپۈندۇ يۇمران مايسا،
قۇمساڭغۇ تۇپراق ئىسسىق، كېۋەز ئەتلىك.

ئۆس! قېنى، شاخلاپ تېزرەك ئەي مايسىلار،
رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللىرىڭگە تەشنا قەلبىم.
نە رەڭدار گۈللىرىڭنى، ئىلھام كانىم —
مول ـ ھوسۇل تاغلىرىڭغا ئاشنا قەلبىم.

www.uyghurkitap.com

## مول ھوسۇل ئۈچۈن

ياپ-يېشىل بۇغداي لەرزان يەلپۈندۇ،
تويۇنۇپ تۇتماقتا دان ئالتۇن باشاق.
ئاغزىغا ماسكا تارتقان ئاچا-سىڭىل
يۈرمەكتە دورا چېچىپ، مېھنەت قايناق.

كېپىنەك گۈلزار ئارا ئۇچقىنىدەك
ئىشلەيدۇ ئېتىز ئاتلاپ ئوماق قىزلار.
شات-خورام ئۆتكۈزمەكتە ياشلىقىنى
مول-ھوسۇل تويلىرىغا ئامراق قىزلار.

## گۈزەل كېچە

ساي-ئېدىر تولغان دەريا شاۋقۇنىغا،
تەبىئەت شۇنچە بايدۇر شوخ كۈيلەرگە.
تولۇن ئاي ئۈزەر سېپىپ كۈمۈش نۇرلار،
جىلۋىلىك بېقىپ ئىشچان يىگىتلەرگە.

چايقىلار يېشىل بۇغداي ئۇسۇل ئويناپ،
دان سۈيى قاندۇرماقتا ھەر تۈپ غولنى.

سۇچىلار ناخشا ئېيتىپ ئىشلەر خۇشۋاق،
ئاسرايدۇ زايا قىلماي تامچە سۇنى...

كەتمەنلەر پارىلدايدۇ قىلىچ ئوخشاش،
كۆۋەجەپ ئاقار سۇلار تىنماي ئويناپ،
قىزغىن ئىش بىلەن ئۆتۈپ گۈزەل كېچە،
كۆرۈندى تاڭ شەپىغى چوغدەك چاقناپ.

1983 ـ يىل ئىيۇل.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئابدۇغېنى سىيىت

# ئىككى شېئىر

### چۆلدە

چېكىلگەن ئەۋرىشىم يەڭلىغ تۈمەن دىل رىشتىسى چۆلدە،
مۇقەددەس بۇ ئانا يۇرتنىڭ نېفىت-كان ئىشچىسى چۆلدە.

يىغىپ بارچە پىكىر-زېھنىن ئۇلۇغۋار ئارزۇدا ياندى،
ياراتتى مۆجىزە-تۆھپە بۇ سەپنىڭ ئۈستىسى چۆلدە.

كۆرۈلدەپ كېچە ۋە كۈندۈز پايانسىز دەشتى-سەھرادا،
قۇدۇقلار ئاچتى يۇلتۇزدەك قوشۇننىڭ تۆشكىسى چۆلدە.

زېمىن چاك كەلدى شۇ كەمدە تېشىپ زۇمرەت باياۋاندىن،
پەلەككە چاچتى شوخ فونتان بورۇۋاي-ۋىشكىسى چۆلدە.

كېسىپ كەڭ ۋادىنى ھەر يان سوزۇلغان تۇرۇبىدىن جۇشقۇن،
بولۇپ جەم شارقىراپ ئاقتى ئەجىرلەر قەترىسى چۆلدە.

ھايات تەۋرەندى شاتلىقتا كۆلۈپ رەناسى ئىقبالىنىڭ،
چېكىلدى ساپ يۈرەك قاندىن سائادەت كەشتىسى چۆلدە.

بولۇپ قاينام ھايات بەرپا گويا شەھىرى ئەزىم بۇندا،
كۆرۈندى يېڭى ئىستىقبال — ھاياتنىڭ ئەتىسى چۆلدە.
1983 - يىل ئىيۇل.

## ئۇستاز

ئەزىم دەريا دىسەم ھەقلىق ساڭا ئەل ھۆرمىتى ئۇستاز،
تارالغان يۇرتقا - ئەتراپقا پەزىلەت شۆھرىتى، ئۇستاز.

قولۇڭدا ۋايىغا يەتتى ساناقسىز كەشپىيات ئەھلى،
ۋەتەنگە جان پىدا، سادىق، مۇنەۋۋەر خىسلىتى، ئۇستاز.

مەھەللە كەئىبىسى ھوجراڭ چىراق ئۆچمەيدۇ ھەر تۈندە،
بېغىشلانغان ئۇلۇغ ئىشقا قەدىرلىك مېھنىتى، ئۇستاز.

ئۆتەر چىن مەنىلىك ئۆمرۈڭ يولىدا مەردىپەت - پەنىنىڭ،
چىكەڭدىن تامچىغان تەرنىڭ باھاسىز قىممىتى، ئۇستاز.

نادان ئىردىم، بىلىم بەردىڭ، دىلىمدا ياندى نۇر - مەشئەل،
دىدىم ھەر جۇملە لەۋزىڭنى ئىلىم - پەن شەرۋىتى، ئۇستاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تالاي شاگىرت يېتىشتۈردۈڭ: بىرى ئالىم، بىرى دوختۇر،
ۋە ياكى ئاگرونوم، شائىر... گويا تاغ غەيرىتى، ئۇستاز.

چايانلار قۇترىغان چاغلار پەلەك چۆرگۈلدى تەتۈرگە،
ئازاپ چەكتىڭ بولۇپ تۇتقۇن يېغىپ ياۋ كۈلپىتى، ئۇستاز.

سەپەردە سەن بۈگۈن ئىقبال يولىدا بىز بىلەن بىللە،
گويا چاقماق پەلەك ئۆزرە — بورانقۇش سۈرئىتى، ئۇستاز.

كۆچەتلەر قايتىدىن كۆكلەپ باراقسان بولدى ئەجرىڭدە،
بېرىپ ئەلگە هامان ئەلۋەك شېكەر، بال نېمىتى، ئۇستاز.

سېنى دىلدىن قەدىرلەيدۇ (ئەگەر ئۇ بولسا چىن ئىنسان)
ۋە دەيدۇ پەللە ئۆرلەشتە ئەجەپ چوڭ جۈرئىتى، ئۇستاز.

ئانا مەكتەپ گۈزەل باغچا ئۆزەڭ باغۋەن ئاشۇ باغدا،
ئەنە ئالدىڭدا كۈتمەكتە يېڭى ئىش نۆۋىتى، ئۇستاز.

1981 ـ يىل، يانۋار.



مەتقاسىم مەتنىياز

# ئىككى شېئىر

## يېزا يولى

ماشىنا كەبى راھەتلىنىپ دۈلدۈل بىلەن،
يىگىت كېلەر ۋەلسىپىتلىك تاشيول بىلەن.

غىلدىرلايدۇ قاتارلىشىپ "شەيتان" چاقلار،
مىنگەشىدۇ بەزەن چوكان، شات قىزچاقلار.

لەپىلدەيدۇ زەر ياغلىقلار يەڭگىلگىنە،
كۈلكە چىقار چىكىلگەندەك جانان چىنە.

ئات - ئېشەكلەر ھارۋىلارنى ئىلدام سۆرەپ،
"شەيتان"چاقتىن ئۆتمەكچىدەك چاپار ھە دەپ.

ئاشلىق باسقان قول تىراكتور، چوڭ تىراكتور،
سىگنال بېرىپ ئۆتۈپ كېتەر شوپۇر مەغرۇر...

ئىككى يېقى دەرەخزارلىق تۇتاش كەتكەن،
ئۆستەڭلەردە سىمونت كۆۋرۈك پۈختا ئەتكەن.

ۋەلسىپىتنى سۆرىمەيسىز ئۆيلەرگىچە،
چەت كۆرمەستىن پىكاپ كېلەر دۆيلەرگىچە.

يولۇچىلار پىخىلدىماس چۆمۈپ تەرگە،
توپا ـ توزاڭ قونمايدۇ ھەم چىكىلەرگە.

شەھەرمىكىن دەيسىز شۇنچە تازا يولى،
بۇدۇر يېڭى بىنا بولغان يېزا يولى.
دەيمىز ئۇنى پەخىرلىنىپ كۆمۈش لىنتە،
بېشى بېيجىڭ، ئاخىرى بار ھەر بىر كەنتتە.

## ئۆزگىرىشلەر ھىكمىتى

نەگىلا باقسام زىرائەتلەر بەلەن ـ بولۇق ئىكەن،
جۈپ باشاق ھەر تۈپ قوناقتا، دانلىرى تولۇق ئىكەن.

شۇنچە كۆپ غوزەك كېۋەزلىكتە، كىرىپ كەتتىم چۆكۈپ،
كۆپ تېرىلگەندىن كېيىنكى بۇ تېخى قالدۇق ئىكەن.

چوڭ لىگەندىن كەم ئەمەس ئاپتاپپەرەسنىڭ باشلىرى،
تاختىدا قوغۇن ساناقسىز، شاپتۇلى سۇلۇق ئىكەن.

قىر ۋە ئۆستەڭ بويىدا شاخلاپ زاراڭزا ئوخشىغان،
راستلا "يەر-ئالتۇن قوزۇق"، كەڭ ئالقىنى ئۇچۇق ئىكەن.

قايسى، جەننەت بېغى بۇ دەپ زەڭ قويۇپ باقسام قاراپ،
دەل بۇ جاي ماڭا تونۇش "قاغىش قېپى شورلۇق" ئىكەن.

پەسلىدىن ئىش ئىلگىرى، ئاي-كۈن ساناپ مۆلچەرلىسەم،
ئويلىدىم: بۇ يىل دېخاننىڭ ئامتى ئارتۇق ئىكەن.

مولچىلىقتا مەس بولۇپ كىردىم باراقسان ھويلىغا،
قارشى ئالدى بىر بوۋاي خوش چېھرى زەپ نۇرلۇق ئىكەن.

ئاق ناۋاتنى تىلدى ئۇ، كەلتۈردى ئامۇت ۋە ئۈزۈم،
تىلدىن تامدى شېكەر، كۆڭلى زاماندىن توق ئىكەن.

"يولنى تاپقاندا ئىش تېز، ئۆزگىرىشمۇ تېز بولار..."
دەپ ماڭا ھېكمەتنى يەشتى، ھەر سۆزى يوللۇق ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ۋاھىتجان غوپۇرى

# ئۈچ شېئىر

## باھارىمىز ئەڭ گۈزەل

يېشىللىققا ئورالغان باھارىمىز ئەڭ گۈزەل،
بارچە گۈل تەڭ ئېچىلغان گۈلزارىمىز ئەڭ گۈزەل.

ئىجات ــ ئەمگەك قايىنىغان، نۇرغا تولۇپ ياشنىغان،
خەلقى ئەركىن يايرىغان دىيارىمىز ئەڭ گۈزەل.

ئاقار شاتلىق دەرياسى، ياغار ياڭراق ناۋاسى،
سائادەتنىڭ ئاساسى دەۋرانىمىز ئەڭ گۈزەل.

زىمىستاندىن قۇتۇلغان، زور شىجائەت جۇش ئۇرغان،
شات كۆلكىگە يار بولغان، رۇخسارىمىز ئەڭ گۈزەل.

بىزگە پۈتمەس كۈچ ــ مادار، چەكسىز بەخت ــ ئىپتىخار،
سوتسىيالىستىك بەختىيار دەۋرانىمىز ئەڭ گۈزەل.

1982 ــ يىل ئاپرېل.

## ئۆچمەس ئوت

تونـنا ـ تونـنا كۆمـۈر توپـلاپ،
ئوت ياقساڭمۇ ئاسمان پەلەك؛
بىر يىل كۆيەر، ئۈچ يىل كۆيەر...
ئۆچەر ئاخىر توزۇپ كۈلدەك.

لېكىن مېنىڭ بىر ئوتۇم بار،
ئۆمرۈم بويى ئۆچمەيدىغان.
ئۆچۈرەلمەس ئۇنى ھېچكىم،
ھەتتا بوران، جۇت ـ شۇئىرغان.

بۇ ئوت ــ ئانا ۋەتەن ئىشقى،
ئۆچمەس گۈلخان يۈرىكىمدە.
بۇ ئوت ماڭا بېرىپ غەيرەت،
كۈچ بېغىشلار بىلىكىمگە.

## دەرەخ ۋە يـاپـراق

بولغاچ دەرەخ كۆكلەر ياپراق،
غولغا مەھكەم تۇتاشقاچقا.

www.uyghurkitap.com

ياپراق ئېلىپ غولدىن ئوزۇق
ۋۇجۇدىغا ئورناتقاچقا.

ئانا ۋەتەن تىرەن يىلتىز ــ
تارتقان مىسلى ھەيۋەت چىنار.
مەن غولىدا ئۆسكەن ياپراق،
دىلدا ئۇنىڭ مېھرى يانار.

شۇڭا كۆكلەپ ياشىرىمەن،
ئاشۇ چىنار پاناھىدا.
بېغىشلايمەن زىننەت ئاڭا،
كۆرمىڭ ياپراق قاتارىدا.

1983 ــ يىل سېنتەبىر.



**نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا** (ئۆزبېك)

# ئىككى شېئىر

## كىتاپ (مۇخەممەس)

ياشلىغىمدىن ماڭا ئۇلپەت، ياخشى يار بولدۇڭ كىتاپ،
ھەرقاچان مۇڭداشچى، دوستۇم-غەمگۇزار بولدۇڭ كىتاپ،
بەخش ئېتىپ روھىمغا ئىللىقلىق، باھار بولدۇڭ كىتاپ،
ئۈينىتىپ قوينۇڭدا ئەركىن، لالىزار بولدۇڭ كىتاپ،
ئوقۇسام ھەر دەم سۆيۈپ مەن، كۆچ-مادار بولدۇڭ كىتاپ.

مەن ئوقۇشنى تەمتىرەپ بىلگەن ئاشۇ كۈندىن بېرى،
ئىزدىنىپ ئالدىم بىلىمنى، بولمىدىم بىر دەم نېرى،
شۇڭا تېزدىن يۇيۇلۇپ دىل ئەينىكىمنىڭ داغ-كىرى،
تولدى قەلبىمگە پەۋەس پەن-مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى،
سەن ۋۇجۇدۇمغا گويا خۇش بۇي ئىپار بولدۇڭ كىتاپ.

سەن ئەقىل-ئىدراك، پاراسەتنىڭ باھاسىز گۆھىرى،
يىغىندە قازغان قۇدۇقتىن سىرغىغان سۆز كەۋسىرى،

www.uyghurkitap.com

سەنكى مېھنەت مەھسۇلى، ئىدراك ـ ئەقلىنىڭ جەۋھىرى.
سەن بىلىم ئاشىقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك دىلبىرى،
ئۇشقۇۋاز بۇلبۇلغا چەكسىز مۇرغىزار بولدۇڭ كىتاب.

سەن ھەقىقەت مەجمۇئەسى، بەلكى پارلاق قامۇسى،
سەن قاراڭغۇ دىل ئۆيىنىڭ شامچىراغى، پانۇسى،
سەن ھايات ھەم كائىنات تىلسىملىرىنىڭ ئاچقۇچى،
سەن ئەقىل دەستۇرخىنىنىڭ نازۇ ـ نېمەت مۋسى،
سەن پۈتۈن ئالەمدە شۇنداق ئېتىۋار بولدۇڭ كىتاب.

بەزى يالغۇز، قالغىنىمدا سەن بولۇپ سۆھبەتدىشىم،
غەمگە چۆكسەم مەي تۇتۇپ، بولدۇڭ يېقىن ئۈلپەتدىشىم،
يىغلىسام، كۈلسەممۇ، بولدۇڭ ھەمدىمىم، ھەسرەتدىشىم،
شۇڭا دەيمەن سېنى جانلىق ھەم يېقىن خىزمەتدىشىم،
مەن خۇمار، سەنمۇ ماڭا گويا خۇمار بولدۇڭ كىتاب.

تەمتىرەپ قالغان چېغىمدا ماڭا كۆرسەتتىڭ ئەقىل،
سەن دېدىڭ: ”غەم قىلما، قوي، كۆرگىن مېنى، ئالەمنى بىل،“
چىن مۇھەببەت رىشتىسى بىرلە ساڭا باغلاندى دىل،
ئالغا ئۈمتۈلدۈم شۇ ئان مەن يول تېپىپ سەندىن دېدىل،
سەن ماڭا ياخشى مەدەتكار، ياخشى يار بولدۇڭ كىتاب.

كىمكى سېنى تۇتسا دوست، ئۇ ھېچقاچان قالماس نادان،
تىترىمەس ئەر ئۆمرىدە دۇچكەلسە قانداق ئىمتىھان،
بارچە مۇشكۇللەر سېنىڭ ئالدىڭدا بولغاچقا ئاسان،
جۇملە ئىنسان سېنى قىلدى ئېھتىرامىغا نىشان،
سېنى سۆيمەك بىزگە ئەينى ئىپتىخار بولدۇڭ كىتاپ.

نە بەختكى، مانا بولدۇم دەۋرىمىز لوقمانىمەن،
تا ئۆمۈرلۈك ئاشۇ كەسپىم گۈلخانىدا يانىمەن،
شۇ سەۋەپتىن سەن گويا شام، مەن ساڭا پەرۋانىمەن،
تائەبەت ئۆتمەكچىمەن بولۇپ ساڭا مەستانىمەن،
چۈنكى، شۇ ئۈنۋان ئۈچۈن سەن ۋاستىدار بولدۇڭ كىتاپ.
1981 ـ يىل ئاۋغۇست.

## خوتەن تەسىراتى

كېلىپ قوينۇڭغا، ئەي گۈلشەن، بەخت گۈلزارىنى كۆردۈم،
قۇچاغىڭدا سائادەتنىڭ ھەقىقى يارىنى كۆردۈم.

تولۇپتۇ ساڭلىرىڭ ئاشقا، بېغىڭدا مۇيلەر ئەلۋەك،
باياشات، ھۆر دىيارىڭنىڭ سېخى بازارىنى كۆردۈم.

پەلەكنىڭ رەشكىنى كەلتۈرگۈدەك كۆز چاقنىتىپ ھەر رەڭ،
بازاردا بىھساپ تۇرغان گىلەم رۇخسارىنى كۆردۈم.

www.uyghurkitap.com

كىرىپ مۇزېيخاناڭغاداك قېتىپ ھەيرانۇ-ھەس قالدىم،
قەدىمىي تارىخىڭنىڭ شاھىدى يادىكارىنى كۆردۈم.

ئەدىبىڭ نۆبىتى يازغان بۈيۈك نادىر دىۋاننامە،
ۋە ئەھمەتشا قاراقاشنىڭ سالام ئىزھارىنى كۆردۈم.

زامان لوقمانلىرىنىڭ ئورنىدىن ئالدىم ئەجەپ بەھرى،
ئۇلاردىن مەرىپەت غەزنىسىنىڭ ئەسرارىنى كۆردۈم.

سۆيۈندى شۇنچىلىك قەلبىم، سېنى كۆرگەندە گۈل ئاچتى،
كېلىپ كۈتكەندىن ئارتۇق شەۋكىتىڭ دىدارىنى كۆردۈم.

دىلىم قانداق ئۇنار شەنىڭنى تەرىپ ئەيلىمەسلىككە،
سېنىڭدە يېڭىلىق، سۈرئەت، گۈزەللىك بارىنى كۆردۈم.

1982 - يىل مارت.



## تۇنىياز مەتنىياز

# دىخىنىمغا

مۇبارەك دىخىنىم دىلدىن يېڭى كۆكلەم باھارىڭغا،
چىچەكلەپ نەۋ باھار بىرلە مۇھ بەرگەن ئانارىڭغا.

يېزاڭ قوينى گويا جەننەت، سېنىڭدە بار تۇمەن خىسلەت،
چېقىپسەن قەنتىنى تەرنىڭ تېپىپ مېھنەت بىلەن بەركەت.

سېنىڭ ئىشچان قولۇڭ بىرلە زېمىن كىيدى يېشىل كىمخاپ،
ئېتىز ـ باغلار ئارا ھەر دەم قىزىتتىڭ ئىش راسا قايناپ.

كېلەر سەندىن سېمىز گۆش، سۈت، گۈرۈچ، بۇغداي، مۇھ ـ
كۆكتات.
كېپىل بولغاچ ئۆزەڭ ئەلگە بۇگۈن بىزگە گادايلىق يات.

روناق تاپتى سېنىڭ بىرلە بۇگۈن يۇرت قايتىدىن گۈللەپ،
بازارنى ئەيلىدىڭ ئاۋات ئۇلۇغۋار غايىنى كۆزلەپ.

www.uyghurkitap.com

هوسۇللار ئوخشىدى ئەجرىڭ بىلەن كەڭرى دالا ــ تۈزدە،
قىزىتتىڭ غەلبىدىن قوش توي قىلىپ شات مەرىكە كۆزدە.

زىمىننى ئىس ــ تۈتەك قاپلاپ، جۇدۇنلار قۇترىغان بىر چاغ،
تىكىپ ئۆششۈك ۋاقىتسىزلا غازاڭ بولغان ئىتىز ھەم باغ.

قۇلاقتىن كەتمىگەن دوقۇ ــ شوئارلار ئاشۇ چاغ بوندا،
ھازازۇللار گادايلىقنى ساڭا تاڭغان ئىدى شوندا.

قولۇڭدا قىش ۋە ياز كەتمەن، كېزى كەلسە تاغار يۈتتۈڭ،
قەرزگە بوغۇلۇپ گاھى، گويا ھايۋان كەبى ئۆتتۈڭ.

تۆكۈپ تەر، جان تىكىپ ئىشلەپ ئېرىشسەڭ گەر مولۇڭ ــ پولغا،
دىدى نەسلەر: "كىرىپ قالدىڭ تۈيۈق ــ پاتقاق خاتا يولغا".

بىرەر توخۇ، موزاي، پاخلان بېقىش ساڭا گۇنا بولدى،
سېنىڭ تارتقان ئۇ دەردىڭگە زىمىن ــ ئاسمان گۇۋا بولدى.

زىمىستان قوغلىنىپ ئەمدى ياشاردى قىر، ئىتىز ــ باغلار،
قۇچاق ئاچتى ساڭا قايتا ئۆزەڭ كۆتكەن گۈزەل چاغلار.

بەختىڭ قەنتىنى چاققىن، بېيىشقا ئەندى ئىمكان بار،
سېنى ئالغا يېتەكلەشكە ئۇلۇغۋار يېڭى پەرمان بار.

يەنە يۈكسەل كامال تاپ، تەر تۆكۈپ ھەر ياننى گۈل ئەيلە.
زەپەر ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ كۆكنى يېرىپ ئۆرلە.

ھالال ئىشلەپ ناۋات چىشلە، يېزاڭدا قاينىسۇن بەزمە،
ئېلىپ ئىلھام ئىشىڭدىن مەن سېنى كۆيلەپ يازاي نەزمە.

1980 ـ يىل يانۋار.



نەسرۇللا ئابلەت

# شېئىرلار

## گۈزەللىك ۋە مەن

يامغۇردىن كېيىنلا گۈزەللىشەر كۆك
ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ زىننىتى بىلەن.
بېرىدۇ زېمىنغا كۆركەم گۈزەللىك
رەڭمۇ ـ رەڭ نۇرلىرى ھىممىتى بىلەن.

باغلارمۇ نازلىنىپ ئاچار گۈل چىراي،
گۈل ـ چېچەك بەس ـ بەستە كۈلسە ھۆپپىدە.
دىماققا ئۇرۇلۇپ كېلىدۇ تاغدىن
شۇ گۈللەر پۇرىقى ـ ھىدى گۆپپىدە.

سوئاللار قويىمەن ئۆزەمگە ئۆزەم:
زېمىنغا قان ـ تەرىم ئاقتى قانچىلىك؟!
ئەجرىمدىن ئايىنغان ياشلىق گۈللىرىم،
ۋەتەنگە گۈزەللىك قاتتى قانچىلىك؟!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئـۇرۇق

ئانا يەرنىڭ سۈتىنى ئىمىپ،
پۈتمەس قۇۋۋەت قىلىسەن پەيدا.
مېھرىڭ بىلەن سىڭگەچكە يەرگە،
مۇنبەت يەرنى قىلىسەن شەيدا.

يېشىل ھايات سېنىڭ تىلىگىڭ،
دالىلاردا گۈللەپ كۈلىسەن.
يىلتىز تارتىپ بىخ سۈرۈپ ئاخىر،
چېچەكلەيسەن، مېۋە بېرىسەن.

مەڭدىمۇ بار ئاشۇنداق ئۈمىت،
ئۈمىت ياشار دەۋرگە سىڭىپ.
بېرىمەن ئەلگە ئەبەدى مېۋە،
ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ.

## مەن ۋە ئۇ

ئۇ، تەمكىن يوسۇنـدا باسماقىتا ئالغا،
قالدۇرۇپ ھەممىدە مېنى ئارقىدا.
سايىسى بارماقتا ئاستا يىراقلاپ،

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ كىچىكلەپ كۆرۈنۈپ ماڭا.
بىر ماڭا بەك كىچىك كۆرۈنگەن بىلەن،
بولغۇسى باشقىلار ئالدىدا پەيدا.

## ئىم شېھىتنى سېغىنىپ

چۆل كېزىپ ئىزدەپ سېنى تاقتا يول ئالدىم بۈگۈن،
سەن ئەزىز ئۇستازنى كۈيلەپ يېڭى ساز چالدىم بۈگۈن.
سورىسام يولدا سېنى چوققا، قىيا قىلدى سۈكۈت،
كۆزلىرىدىن ئاققۇزۇپ ياش ئۇچتى پەس گويا بۇلۇت.
ئىم شېھىت نامىڭنى تەكرارلار بوراندا جىلغا، ساي،
سەن ئىكەنسەن چوققىلاردا ياشنىغان كۆك قارىغاي.

بەزىلەر كەچ كۆزدىكى ياپراق كەبى شاۋقۇن سالار،
ۋە لېكىن بەرگە چۈشۈپ دەرھال چىرىپ غايىپ بولار.
سەن ھامان يىلتىز ئىدىڭ كەلسە باھار بىخ ئۇرغىلى،
چېچىگىڭ يۇلتۇز بولۇپ نۇرلۇق چىمىرلاپ تۇرغىلى،
مەن بۈگۈن ياد ئەيلىدىم، تارىخ سېنى پاك ئەيلىدى،
بارچە ئىنسان تۇتتى ماتەم ياقىسىن چاك ئەيلىدى.

1980 ـ يىل يانۋار.

ئابلىمىت مۇھەممىدى

# سەھەر لىرىكىسى

سەھەر تۇرۇپ چىققان ئىدىم تالاغا،
تاڭ پەرىسى چۈمبىلىنى قايرىدى.
مەپتۇن بولۇپ نەزەر سالدىم دالاغا،
كۆڭلۈم گۈزەل مەنزىرىدىن يايرىدى.

مەيىن شامال يۈزلىرىمنى سىيپىدى،
چىن ۋاپادار مەشۇغۇمدەك ئەركىلەپ.
مەجنۇنتاللار لىگشىتىشتى بېشىنى،
سالام قىلغان چېغى مېنى پەتىلەپ.

خىرە-شىرە جىمىرلىشار يۇلتۇزلار،
ھوجرىسىغا يانغانمىكىن بوشلۇقتىن؟
نۇرلانماقتا شەرقىي ئۇپۇق قىزىرىپ،
سەھەر قىزى كۈلگەنمىكىن خوشلۇقتىن؟

زۇمرەت ئاسمان زەپمۇ تىنىق، زەپ ئوچۇق،
زەپمۇ ھوزۇر چاڭ-توزاڭسىز ساپ ھاۋا.
ئارىلىدىم ئېتىزلارنى، خامانى،
"كېلىڭ" دەيتتى ھەر دان ئاشلىق، ھەر گىيا.

قايتا كەلمەي تەشنا كۆڭۈل ئۇنامدۇ؟
گۈزەل سەھرا قىلسا شۇنچە مەھلىيا.
گۈل-چېچەكلەر ئارىسىدا سەكرىشىپ،
تۇمۇچۇقلار قىلىشماقتا شوخ ناۋا.

گويا گۈزەل بىر سۈرەتكە ئوخشايتتى
زەرباپ لىباس يېپىنىشقان ۋادىلار.
ئويناقلىشىپ يايلاق تامان يول ساپتۇ،
ئۈيۈر-ئۈيۈر سېمىز يىلقا-پادىلار.

دولقۇنلىنار مول-ھوسۇللۇق ئېكىنزار،
كۆتىرەلمەي تولۇق دانلىق بېشىنى.
شوخ تەبەسسۇم قىلىشماقتا پاختىزار،
كۆرسىتىشىپ ئاپپاق سەدەپ چىشىنى.

تارتىنىشىپ ماراشماقتا ئالمىلار،
ھەر ساپاقتا مەي باغلىغان يەل-يېمىش.

بار گۈزەللىك، مەمۇرچىلىق مۇجەسسەم،
جەزىم قىلدىم يېزىدىكەن دەپ بېھىش.

ئايرىلىشقا قىيماي ياندىم ئارقامغا،
خەيرلىشىپ قالدى سەھەر ساباسى.
بولدى تەڭكەش قەدىمىمگە يول بويى
جاراڭلىغان خوشال مېھنەت ساداسى.

1983 ـ يىل سېنتەبىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەخمۇت مۇھەممەت

# شېئىرلار

## ياشلىقنى بەردى ئۇ ماڭا

گۆدەك چېغىم، ئاتام بىر چىنار،
يۆگۈمەچتەك چىرماشتىم ئاڭا.
ئۆتتى يىللار...مۈكچەيدى ئاتام،
چىنار قامەت پۈتۈلدى ماڭا.

ھەر قارىسام ئاق چاچ ئاتامغا،
دەيمەن "ئەبەت قەرزدارمەن ساڭا".
چۈنكى، كېچىپ چىنار قامەتتىن،
ياشلىقنى بەردى ئۇ ماڭا.

## يىپ ۋە رىشتە

ئىستانوك ئايلىنار، يىپلار ئالمىشار،
بىر تالدىن-بىر تالدىن قوشۇلار توپقا.

قىزلارنىڭ قەددىگە ياراشقان رەختنىڭ
جىلۋىسى پۈتۈلگەن ھەر دانە يىپقا.

ئىستانوك ئايلىنار، كۈن ـ تۈنلەر ئۆتەر،
توقۇيدۇ تىنىمسىز توقۇمىچى قىز.
قوشۇلغان يىپلاردەك رەڭدار شايىغا
توقۇلار ئىلگە مېھرىمۇ چەكسىز...

## شېئىر ھەققىدە

چۆپكە يۆگەپ غورىنى باققال
ئولگۈرتىدۇ چاققان بازارغا.
نە تەم بولسۇن ئۇنداق ئۈرۈكتە،
ساتقان بىلەن قىممەت باھادا.

شائىرلىقتا بەزىلەر شۇنداق،
توك غورىنى ئورايدۇ چۆپكە.
داڭلىسىمۇ "گۈل كەلتۈردۈم" دەپ،
ھېچبىر يېرى ئېتىماس كۆپكە.

1983 ـ يىل فېۋرال.

www.uyghurkitap.com

## ھېكمەت سىرى

ئوتتۇز يىل بۇ جاھاندا ياشاپتىمەن،
بۇلاقتا ئون مىڭ قېتىم بارغاندىمەن.
سوغۇلماي كېلەر ھامان سۈيى ئۇنىڭ،
مېنىڭدەك كۆرمىگى سۇ ئالغان بىلەن.

بىلەمسىز سەۋەبىنى بۇ ھېكمەتنىڭ،
بۇلاقنىڭ تومۇرىدا نېمە كۈچ بار؟
يۈرىگى تۇتاشقاندۇر يەر تەكتىگە،
ئۆكسىمەي سۈيى شۇڭا ئۇرغۇپ تۇرار.

## ياشايمەن ئەتىنىڭ ئىشقىدا

قۇياشنىڭ ئورنىنى ئالسا ئاي ساقى،
بىر كۆڭلۈك ئۆمرۈمدىن ياسايمەن يەكۈن.
تۈزىمەن ئەتىگە مۇپەسسەل پىلان،
ساقلىنار بۇ ئادەت مېنىڭدە ھەر كۈن.

ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ سەنئەت جاھاندا،
ئۆمۈرنىڭ قىزىغى ئارزۇ ۋە ئارمان.
ئويلىسام ئەتەمنى يورۇق بۇ ئالەم،
ئەتىگە ئىنتىلىپ بارىمەن ھامان.

1983 ـ يىل ئىيۇل.

ھەجەر قادىر

# ئىلى دەرياسى

"ئىگەلەپ" چۈشكىنىمدە يورۇق دۇنياغا،
مېنى يۇيۇندۇرغان ئىلى سۈيىدە.
ئاقاتتى جان ئانامنىڭ ئاھ-پىغانلىرى،
شۇ دەريانىڭ مۇڭلۇق ئەللەي-كۈيىدە...

شۇ دەريا بويلىرىدا ئۆستۈم چوڭ بولۇپ،
ئاڭلاپ ئۇنىڭ زارىنى، تالاي-تالاي رەت.
مەن ئۈچۈن ئۇ چاغلار گويا سىر ئىدى،
ھەسرەتلىك ناخشا-كۈيلەر، ئەلەم بىلەن دەرت...

يادىمدا: كۆكلەم كۈنى "چىچەك سۈيى" دەپ،
ئاتالغان ۋەھىمىلىك قىيان سۇ كەلدى.
يەر-كۆكنى ياڭرىتىپ پاتماي قىنىغا،
يۈرەكلەرنى مۇجىغان زار-پىغان كەلدى.

قورقىنىمدىن تەنلىرىم تىترەپ ياپراقتەك،
ھۆكرەپ يىغلاپ، زارلىدىم قىلالماي تاقەت.
ئىككى قىرغاق ئايلاندى بىر قىيامەتكە،
دەريادىكى مەنزىرە شۇنچىلىك دەھشەت.

كېلەتتى گاھى چۆكۈپ، گاھىدا لەيلەپ،
بۆشۈكلەرگە تېڭىلغان ئەزىز بوۋاقلار.
كېلەتتى بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەستىن
ئۆيلەرنىڭ ياغاچلىرى، جابدۇق ـ تۇۋاقلار.

كېلەتتى ئاق چاچلىرى چۇۋۇلغان ئانا،
كېلەتتى دولقۇنلارنى قۇچاقلاپ جەسەت.
كېلەتتى ئاھ، كېلەتتى "قۇتقاز" دىگەندەك،
ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قىز ـ ئوغۇل پەرزەنت...

يۈگەنسىز، ئىلى سۈيى، قىلغانتىڭ ئەلنى
زار ـ زار قاخشىتىپ، شۇنچىلىك بوزەك!
تاشقان چېغى ھەر يىلى بەئەينى تاشقىنىڭ،
بولدى خازان سېنىڭدە قانچە گۈل ـ چىچەك!

كېلىپ قالدىم يەنە يېنىپ ئىلى بويىغا،
ئارىدىن ئۆتۈپ بۈگۈن ئوتتۇز نەچچە يىل.

تۇرىمەن سۇغا قاراپ، دەريا سۈيىدە
چاقناپتىتى قۇياش نۇرى سۆيۈندۈرۈپ دىل.

كەڭرى كەتكەن سالا ئېتىز ئەتكى قىرغىقى،
باغلارنى گۇل ــ چېچەكلەر قاپلىغان تامام.
سايرايدۇ خەندان ئۇرۇپ غەزەلخان بۇلبۇل،
بولغاندەك گۇل پەسلىدە ئىشقىغا بايرام.

تىڭشىغىن، شۇنچىلىك جۇشقۇنلۇق ناخشا
ياڭرايدۇ ھېچ توختىماي يېشىل شاللىقتىن.
ئاڭلىنىدۇ قىز ــ يىگىت خوشال كۈلكىسى
بۈككىدە كۆكلەپ كەتكەن يېشىل تاللىقتىن.

ئاققىن، ئىلى دەرياسى،
خوشال ناخشىدەك،
كۈن ۋە تۈن ياڭراپ ئانا يۇرتنىڭ كۆكسىدە!
بولدۇڭ بۈگۈن خەلقنىڭ بەخت دەرياسى،
ساھىللىرىڭ گۈللەرگە تولدى بۈككىدە.

1984 ــ يىل مارت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلغان ئادرېسى

مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن

# ئۈچ شېئىر

## نورۇز

كېلىپ نورۇز چىچەك پۈركۈپ باھارنى ئېچىلدا قىلدى،
قۇياش نۇرى ۋەتەننىڭ ئۈستىدە چاقناپ جۇلا قىلدى،
يېشىل كىمخاپ يېپىپ باغلارغا گۈلشەنلەر بىنا قىلدى،
گۈلىستانلاردا بۇلبۇللار خوشال سايراپ ناۋا قىلدى،
تەبىئەت ئاقساقاللىق قىش بوۋايغا ئەلۋىدا قىلدى،
ئېلىم نورۇزنى قۇتلۇقلاپ، باھارغا مەرھەبا قىلدى.

ئېسىپ تاڭنىڭ ساباسى يەلپۈپ ئۆتتى قانچە باغلارنى،
مۇئەتتەر ئەيلىدى گۈللەر ھىدى بىرلە دىماغلارنى،
باھارنىڭ ئاپتىۋى ئېرىتتى مۇزلۇق بارچە تاغلارنى،
تولۇپ ئۆركەشلىدى دەريا ـ ئېرىقلار يۇدى داغلارنى،
كېلىپ نورۇز چىچەك پۈركۈپ باھارنى ئېچىلدا قىلدى،
ئېلىم نورۇزنى قۇتلۇقلاپ باھارغا مەرھەبا قىلدى.

تويۇنغان قۇش ـ قاناتلار شوخ قانات قاقتى ساماﻻردا،
ئۇسۇلغا چۈشتى غاز ـ ئۆدەك ئۈزۈپ ئابى ـ ھاۋاﻻردا،
كېيىكلەر بىماﻻل قېيغىتىشار تاغۇ ـ داﻻﻻردا،
قۇلۇنلاپ مال ـ ۋارانلار ئوتلىشار يايلاق ـ جىراﻻردا،
كېلىپ نورۇز چىچەك پۈركۈپ باھارنى ئىپتىدا قىلدى،
ئېلىم نورۇزنى قۇتلۇقلاپ باھارغا مەرھەبا قىلدى.

ۋىچىرلاپ كەلدى قالغاچلار ساراي ـ ئايۋانىنى تاپتى،
ئۆزاقتىن قىچقىرىپ كاككۇكمۇ ئۆز زەينەۋنى تاپتى،
بۈگۈن ئاشىق باھار بويلۇق گۈزەل جانانىنى تاپتى،
چىراق ياندى گوياكى ئاشىغى پەرۋانىنى تاپتى،
كېلىپ نورۇز چىچەك باھارنى ئىپتىدا قىلدى،
ئېلىم نورۇزنى قۇتلۇقلاپ باھارغا مەرھەبا قىلدى.

ئەنە ئاشىق يىگىت گۈلدىن چىمەن تىزدى گۈلىستاندا،
ياراشتى خوپ چىرايلىق گۈل ـ چىچەكنى يارى قىسقاندا،
كېزىپ دەريا بويىنى سەيلە قىلدى بۈك ـ باراقساندا،
يېتىشتى بىر بىرىنىڭ ۋەسلىگە نورۇزدا ـ بوستاندا،
كېلىپ نورۇز چىچەك پۈركۈپ باھارنى ئىپتىدا قىلدى.
ئېلىم نورۇزنى قۇتلۇقلاپ باھارغا مەرھەبا قىلدى.

ھېيتگاھ ئۈستىدە شاديانىغا نەققارە ياڭرايدۇ،
يىگىت ـ قىزلار بولۇپ يالقۇن ساما رەقسىگە ئوينايدۇ،

خوشاللىق تاشقىنى دەريا كەبى دىللاردا يامرايدۇ،
بۇ نورۇز كەيپىگە تولغان قەدەھلەر تەك جاراڭلايدۇ،
كېلىپ نورۇز چېچەك پۈركۈپ باھارنى ئېپتىدا قىلدى،
ئېلىم نورۇزنى قۇتلۇقلاپ باھارغا مەرھەبا قىلدى.

زىمىستاندىن قورۇنغان تەن باھارغا ئاشنا شۇنداق،
ئۇنىڭغا ھەممە جانلىق ئېيتىدۇ ھەمدۇ-سانا شۇنداق،
باھارغا مەڭگۈ ھەمرا بۇ ئەزىز تۇپراق — ئانا شۇنداق،
ۋەتەننىڭ گۈلباھارى بىز ئۈچۈن قىممەت باھا شۇنداق،
كېلىپ نورۇز چېچەك پۈركۈپ باھارنى ئېپتىدا قىلدى،
ئېلىم نورۇزنى قۇتلۇقلاپ باھارغا مەرھەبا قىلدى.

بۇ نورۇز كەلدى بوستاننى زىمىستاندىن جۇدا ئەيلەپ،
بوشاتتى قىش بوۋاي ئورنىنى ئاخىر ئىستىپا ئەيلەپ،
گۈزەل كۆكلەم چىراي ئاچتى ئۆزىنى دىلرەبا ئەيلەپ،
بۇ خۇشتارنى قىلىپ مەپتۇن ئەبەتكە ئاشنا ئەيلەپ،
كېلىپ نورۇز چېچەك پۈركۈپ باھارنى ئېپتىدا قىلدى،
ئېلىم نورۇزنى قۇتلۇقلاپ باھارغا مەرھەبا قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئۆمۈرۋايەت نىگارىمسەن

(غەزەل)

ئانامسەن مېھرىۋانىم، مېھرى يالقۇنلۇق دىيارىمسەن،
ئەزىز سەن، تەختىگاھىمسەن، بېشىمغا تاجدارىمسەن.

بايان ئەيلەشكە ۋەسپىڭنى سېنىڭ ئالدىڭدا تىل ئاجىز،
مۇقەددەسسەن، ئەزىمسەن ھەم قەدىمسەن، بىغۇبارىمسەن.

ھاياتقا كۆز ئېچىپ سەندە، تونۇپ يەتتىم سېنى ئاخىر،
بۈيۈك شان-شەۋكىتىم، بەختىم، غۇرۇرۇم، ئىپتىخارىمسەن.

بېقىپ سەن نازۇ-نېمەتلەر بىلەن جىسمىمغا جان بەردىڭ،
چېچەك ئاتتى ھايات غۇنچەم، قۇياشلىق نەۋ باھارىمسەن.

ئەقىل، ۋىجدان تېپىپ، ئىنسان بولۇپ، قوينۇڭدا ئۇلغايدىم،
يېتىلدۈردۈڭ قوشۇپ ئەلگە، ھەقىقى غەمگۇزارىمسەن.

ۋەتەن! دەپ تىلغا ئالسام ئەي ئانا نامىڭنى ھەر نۆۋەت،
تولار جىسمىمغا كۈچ-قۇۋۋەت، ئىشەنچىمسەن، مادارىمسەن.

ئاقار قەلبىمدە شاتلىق دولقۇنى باققاندا ھۆسنۈڭگە،
گۈزەللىك بابىدا تەنھا قوۋانچىمسەن، خۇمارىمسەن.

سېنىڭمەن، سەن مېنىڭسەن، سەندىن ئۆزگە ھېچ پاناھىم يوق،
ھاياتىمسەن، مۇرادىمسەن، جېنىمسەن بەختىيارىمسەن.

يولۇڭدا گۈل ھاياتىمنى نىسار ئەتمەككە مەن خۇشتار،
ۋاپادار ئاشىقىڭمەن، سەن ئۆمۈرۋايەت نىگارىمسەن.

## خوتەن

(غەزەل)

ئەي قەدىم يۇرت — شانۇ-شەۋكەتلىك ئىسىل داڭدار خوتەن،
بۈك-باراقسان، باغۇ-بوستانلىق يېشىل رەڭدار خوتەن.

تۇپرىقىڭ زەر، سۇلىرىڭ كەۋسەر ۋە مەرمەر تاشلىرىڭ،
لالە-رەيھانۇ چىمەنلىك خۇددى گۈلرۇخسار خوتەن.

سايرىشار بۇلبۇللىرىڭ، خۇش ھەم چاچار سۇمبۇللىرىڭ،
يايرىشار ئاھۇلىرىڭ تاغلاردا بىئازار، خوتەن.

www.uyghurkitap.com

سەنئىتىڭنىڭ شاھىدى مەشھۇر، گىلەم، ئەتلەسلىرىڭ
ئەل ئارا مەشھۇر، جاھان بازارىدا نامدار خوتەن.

ئۆتتى نۇرغۇنلاپ ناۋايى، نۆبىتى كۈيلەپ سېنى،
"خەمسە"، "دىۋان"لار ئىچىدە تەرىپىڭ بىسيار، خوتەن.

بىر زامان باغرىڭنى زۇلمەت، جۇت-زىمىستان قاپلىدى،
باغلىرىڭ تۆكتى غازاڭ، تاپتى دىلىڭ ئازار، خوتەن.

تىندى بۇلبۇلنىڭ ئۈنى، باغرىڭدا قۇزغۇن يايرىدى،
شۇم جاھالەتتىن ئەجەپ بولغان ئىدىڭ بىزار، خوتەن.

ئاسمىنىڭدا پارلىغاچ ئىقبال قۇياشى قايتىدىن،
گۈللىدى بوستانلىرىڭ، بولدۇڭ يەنە گۈلزار، خوتەن.

ئەمدى دىل مەمنۇن ۋە شات، گۈللەندى سەندە ھۆر ھايات،
سەندە ھەر ئان كەشپىيات، قايناق دىيار، بازار خوتەن.

ھۆسنى رۇخسارىڭ گۈزەلدۇر، كەلگۈسىڭ ئاندىن گۈزەل،
مەن شۇ پارلاق كەلگۈسىڭگە ئىنتىزار، خۇشتار، خوتەن.

ئابدۇللا ياقۇپ

# شېئىرلار

## دەرەخ بىلەن ياپراق

دەرەخلەردە تاۋلىنار ياپراق
زۇمرەت كەبى تولۇپ ھۆسنىگە.
ئەخلەتلەرگە ئايلىنار شاختىن —
چۈشسە ئاجراپ يەرنىڭ ئۈستىگە.

ۋەتەن دەرەخ، مەن بىر ياپرىغى،
شۇڭا كۆركەم ھۆسنۈم-زىننىتىم.
مەن ئايرىلسام ئۇنىڭدىن، خەستەك
قالماس ھېچبىر قەدرى-قىممىتىم.

## ئۇنچە

چوققىلاردىن چۈشەر تاغ سۈيى
شاۋقۇن سېلىپ ئۇرۇلۇپ تاشقا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

چېچەكلىرىدە سانسىز مەرۋايىت،
ئۈنچىسىنى چاچرىتىپ قاشقا.

شۇ ئۈنچىلەر ياشنىتار بىزەپ
قىرغاقتىكى چىمەننى يۇيۇپ.
قوشار يەنە چىرايلىق ھۆسىن
لالىلەرنىڭ لېۋىگە قونۇپ.

خوشال ئىدىم: ئەجرىممۇ مېنىڭ
تاغ سۈيىنىڭ بولسا ئۈنچىسى،
ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇلۇپ ياشناپ،
كۈلسە ئىدى ئۆمرۈم غۇنچىسى.

1982 - يىل ئىيۇن.

## گۈل

گۈل خۇمارمەن، گۈلگە ئامراق مەن،
گۈلگە مەھكەم چېگىلگەن رىشتىم.
گۈل ئېچىلسا شاتلىنىم قايناپ،
خۇددى گۈلدەك رەڭ ئالار شېئىرىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈل ئېچىلسا قوشۇلار ھۆسنۈن
تەبىئەتنىڭ قوچاقلىرىغا.
قىزلار كۈلۈپ ئوينىشار ئۇسۇل،
قىسىپ گۈلنى قۇلاقلىرىغا.

گۈل ئېچىلسا، زوقلىنىپ شۇ دەم،
كۈيچى بۇلبۇل چالار سازىنى.
گۈل ئېچىلسا، قۇچىدۇ شاتلىق
ياشناۋاتقان ھايات يازىنى.

دوستلار، بۈگۈن يېڭى دەۋردە،
گۈلدەك ياشناپ ئېچىلدى بەختىم.
شاتلىناتتىم تاقىسا زىننەت،
ۋەتىنىمگە گۈل بولۇپ ئەجرىم.

## يامغۇردىن كېيىن

سىم-سىم يامغۇر كەڭ دالىغا ياغدى شارقىراپ،
گۈل لېۋىدىن كۆمۈش ئۈنچە تامدى پارقىراپ.
يامغۇر توختاپ، كىردى ئاسمان زۇمرەتتەك رەڭگە،
زىلال سۇلار ئاقتى سايدا چاچرىتىپ تەڭگە.
قەلبىڭ تولار خوشاللىققا، قارىساڭ باققا،
ھەسەن-ھۆسەن قونسا ئەگىپ كۆمۈش رەڭ تاققا.

قۇچار زىننەت شۇنچە كۆركەم دالا قايتىدىن،
ھەممە يەرنى قاپلاپ سالقىن ھاۋا قايتىدىن.

## تاغ ئېتىگى

تاغ ئېتىگى زەپ چىرايلىق گۈللىرى سەرخىل،
چېچىپ خۇش بۇي ئېپار ھىدىنى ئېچىلار ھەر خىل.
بۇغا، كىيىك ئوتلاپ يۈرەر جىلغا-جىرادا،
بۆركۈتلەرنىڭ ئۇۋىسى بار ئېگىز قىيادا.
چۈشەر مىڭ گەز تاغ ئۈستىدىن شارقىراتمىسى،
قاماشتۇرار كۆزلىرىڭنى پارقىراتمىسى.
توپ-توپ بولۇپ سۇ بويىدا كەكلىك سايرايدۇ،
سەيلە قىلساڭ سەنمۇ ئۇندا جېنىڭ يايرايدۇ.

## خادا تاش

مەن دەرياغا سالسام نەزەر كەلگەندە يېقىن،
ئۇرۇلاركەن خادا تاشقا شىددەتلىك ئېقىن.
ئېتىەرسىمۇ دولقۇن ئۇنى چاچرىتىپ ئۇنچە،
تۇرار ئىكەن مەزمۇت، مەغرۇر خادا تاش شۇنچە.
خادا تاشتىن شۇ دەم بىر ئىز قالدى قەلبىمدە،
ئۆچمەيدىغان ئاتەش مېنىڭ ياندى قەلبىمدە.

1984 - يىل فېۋرال.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرىسى
كىتاب تورى

قاسىم سىدىق

# غايە

كائىناتتىن كاتتىسەن غايە،
ئالماستىنمۇ قابىل ـ مۇستەھكەم،
قۇياشتىنمۇ يورۇق، ئۇلۇغۋار،
باھاردىنمۇ ئىللىق ۋە كۆركەم.

قايسى گۈلنىڭ سەندەك ھىدى بار؟
قايسى قىزنىڭ سەندەك جىلۋىسى؟
قايسى ئەينەك سىنىڭدەك سۈزۈك؟
قۇللۇق قىلسۇن ساڭا ھەممىسى!

دەم ـ دەم مېكىپ سېنى ئەگىشىپ،
ئۆتەڭ ئاتلاپ كەلدۇق شۇڭغىچە.
ئالدىراتتىڭ بىزنى سەپەرگە،
بىر ئۆتەڭدە بىر كۈن قونغىچە.

كۆپ ئۇتۇقنى يار قىلدىڭ بىزگە،
يىمىگەننى يىدۇق قولۇڭدىن.
شۈكرى دىسەك شۇنچە نىمەتكە،
توختىمىدىڭ يەنە يولۇڭدىن.

داۋان ئاتلاپ ماڭدىڭ تىنىمسىز،
بىزنى ئىلىپ يەنە يىراققا؛
بۈگۈنكى باغ گۈزەل بولسىمۇ،
ئاندىن گۈزەل يەنە بىر باققا.

سىغمايدىكەن زىندانغا بەستىڭ،
بولمايدىكەن ئوق يەپ شىكەستە.
بىزەيسەنكەن تارىخنى قانداق،
ئۇلۇغ روھقا، قايناق ھەۋەستە.

بارمىكىن تاڭ غايىدىن قابىل،
سائادەتنىڭ جەسۇر جەڭچىسى.
بەختىم ئىدى، پەخرىم شۇ ئىدى،
بولسام مەڭگۈ ئۇنىڭ كۈيچىسى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقۇچ ئادرېسى

قادىر ئەكبەر

# ئىككى شېئىر

## قەلىمىم

يەككە ـ يالغۇز مۇڭدۇشۇم بولدۇڭ،
زەڭ باسمىغان پولات قەلىمىم.
سەپەرلەردە يولدۇشۇم بولدۇڭ،
ئۆرلىگەندە ــ قانات قەلىمىم.

ئەقىل بەردىڭ قىيىن دەملەردە،
غەم ـ غۇسسەمگە بېرىپ تەسەللى.
شۇئىر غانلىق قارا تۈنلەردە،
ماڭا بولدۇڭ نۇرلۇق تەجەللى.

پىكرىم تىلىپ ئۈگدەك باسقاندا،
غاپىللىقتىن ئويغاتتىڭ مېنى.
بىخۇت بولۇپ تېڭىرقىغاندا،
سەگەكلىككە ئۈگەتتىڭ مېنى.

تېنىگەندە تۇتۇپ قولۇمدىن
داغدام يولغا باشلىدىڭ راۋان.
كۆپ ئەگىدۇق لېكىن ھارمىدۇق،
بىللە ئاشتۇق قانچە تاغ-داۋان...

يېتىپ كەلدۇق يېڭى مەنزىلگە،
يېڭىپ سەپەر مۇشكۈللىگىنى.
ھەمدەم بولۇپ بىر بىرىمىزگە،
تەڭ كۆتىرىپ يىللار يۈكىنى!...

چوڭ سەپەرگە ئاتلاندۇق يەنە،
ئىلھامىڭنى ئويغات قەلبىمدە.
زەر قازغۇچى پەرھاتتەك مانا،
بازغانىڭنى ئوينات قەلبىمدە.

## سۈرىتىمنى كۆرگەندە

سۈرىتىمنى تارتقاندا بىر فوتوگراف،
ئەيتىم خۇنۇك، ئەجەپلەندىم بىر قاراپ،
مەنىۋى جۇشقۇنلۇغىمدىن يوق ئەسەر،
(بۇ قىياپەت دەستىدىن ئەيلەپ ھەزەر)
چەكتى روھىم قانچىلىك كۈلپەت-ئازاپ!

www.uyghurkitap.com

قارايمەنكى، ۋۇجۇدۇمنىڭ تېگى يوق،
پىشانەمدە نەۋ باھارنىڭ رېڭى يوق!
قانچە باقسام شۇنچە مەيۇس ھالىتىم،
(مۇكچىيىپ قالغان ئىدى قەد ـ قامىتىم)
تۇيۇلاتتى شۇندىمۇ كۆڭلۈم يورۇق...

يەنە بىر چۈشتۈم سۇرەتكە ھېرىس بىلەن،
بۇندا مەن گوياكى ساغلام ھەم تىمەن.
باشلىرىم خۇددى كۇمۇشتەك ئاق، بىراق،
خۇش تەبەسسۇم، دىلدا ياشلىق ئىشتىياق،
ئەڭ ئۇزاقتا كۆز تىكىپ تۇرۇپتىمەن!...

كۆپ ئەمەس، چۈشتۈم سۇرەتكە ئىككى رەت،
ئاۋالقىسى شۇنداق خۇنۇك، شۇنداقمۇ سەت!
بىر كۆرۈپ قىلدىم ھەۋەس ئاخىرقىنى،
بايقىدىم چېھرىمدە ئىللىق كۈلكىنى،
چۈنكى رەڭ بەرگەچكە دەۋران ئاقىۋەت.



ئەزىز ساۋۇت

# ئەتكەن چاي

ئاپقۇرلاردا قايماق بىلەن ئەتكەن چاي،
قايناپ-پىشىپ مۇرادىغا يەتكەن چاي،
"گۈزەل ئىلى ۋادىسىنىڭ كۆركى" دەپ،
يۇرتمۇ-يۇرتقا نامىڭ بېرىپ يەتكەن چاي.

نادىر بوۋاي قۇچاق ئاچتى "بالام" دەپ،
مېھمان بولۇپ تۆرگە ئۆتتۇم "سالام" دەپ،
ساھىپخانىنىڭ كۆڭلى بولۇپ سۇنۇلدى،
ئارىمىزغا بىر ئىللىقلىق سەپكەن چاي.

بوۋاي دېدى: "ئۇتلا، ئوغلۇم، شادىمان،
تەشۋىشلەنمە، تۇرمۇشىمىز پاراۋان!"
گۇۋا بولۇپ مەرت دىخانىنىڭ سۆزىگە،
ئىلھامىمغا ئىلھام بەخش ئەتكەن چاي.

ئۆي-ئۆيلەردە مولچىلىقكەن سۈت-قايماق،
كانى ئىكەن سۈت-قايماقنىڭ بۇ ئايماق.
ھوزۇر بىلەن ھەر ئوتلىغان چىغىمدا،
تومۇرىمدا ئۆركەش ياساپ كەتكەن چاي.

سەندە كۆردۈم گۈزەل ئىلى چېھرىنى،
يۇرت ئەھلىنىڭ ئاق كۆڭلىنى، مېھرىنى.
مۇجەسسەمدۇر بارچە لەززەت سېنىڭدە،
ۋۇجۇدۇمغا شۇ لەززەتنى تۆككەن چاي.

1982 - يىل ئۆكتەبىر.



ئابدۇرشت سەلەي

# ئىككى شېئىر

## يامغۇردىن كېيىنكى يايلاق

گۈلدۈرلەپ كۆك، چېقىلدى چاقماق،
سىم-سىم يامغۇر سەل يېغىپ ئۆتتى.
سېخى تەبىئەت بۇلۇت قىزىنىڭ،
كۆكرىكىدىن سۈت سېغىپ ئۆتتى.

تويى بولغان قىزدەك ياسىنىپ،
كۈلدى يايلاق رەڭمۇ-رەڭ تۇستە.
قىيا باققان كۈن شولىسىدا
كۈمۈش ئېقىن يالتىرار پەستە.

يېشىل ئوتلار چېچىنى تارار،
سالقىن شامال سوقىدۇ مەيىن.
چايقىلىدۇ گۈللەر دېڭىزى،
بولۇپ گويا دولقۇنلۇق ئېقىن.

كۆزۈم تىكسەم يىراقتىن ـ يىراق،
يېشىل يايلاق ئەجەپ تازا، كەڭ.
ئەگمە كۆۋرۈك سىلىپ ئاسمانغا
ھەسەن ـ ھۈسەن چىقتى رەڭمۇ ـ رەڭ.

گۈزەلدۇر يەر، گۈزەلدۇر ئاسمان،
قۇياش كۈلۈپ تاغ تامان ئاغدى.
شۇ ئان مېنىڭ ئۇتلۇق قەلبىمنىڭ
شېئىر يامغۇرى باشقىدىن ياغدى.

## بوغدا كۆلى

يازنىڭ سېخى خاسىيەتلىك ئالتۇن پەسلىدە،
سەيىر قىلدىم بوغدا كۆلىنى كېمە ئۈستىدە،
باقسام ئۇنىڭ تەگدىشى يوق گۈل جامالىغا،
جىلۋە قىلار بار گۈزەللىك كۆلنىڭ ھۆسنىدە.

مىسلى باھار ئاسمىنىدەك تىنىقتۇر سۈيى،
ئەجەپ سۈزۈك، ئەجەپ چوڭقۇر، كۆرۈنمەس تۈۋى.
چايقىلىدۇ بۇدرە چاچلىق زەڭگەر دولقۇنلار،
شوخ ئويناقشىپ شاماللارنىڭ تەككەندە لېۋى.

ئورالغاندۇر يېشىللىققا گۈل قۇچاقلىرى،
تولغان چەكسىز ئورمان بىلەن كەڭ قىرغاقلىرى.
ھەيۋەت تاغلار قورشاپ تۇرار زۇمرەت قوينىنى،
يان باغرىدا ئېتەك يايغان خۇش يايلاقلىرى.

گۈزەل بوغدا تەبىئەتكە ياراشقان ئەينەك،
ئەكس ئېتەر تاغ-ئورمانلار رەڭدار سۈرەتتەك.
كۆرۈندۇ سۇ يۈزىدە بوغدا چوققىسى،
يالتىراپ كۆك بوشلۇغىدا مىسلى سەدەپتەك.

بوغدا كۆلى — ۋەتىنىمنىڭ چىرايلىق كۆلى،
ئەجەپ سۈزۈك، ئەجەپ تىنىق، زۇمرەتتەك سۈيى.
كۆرۈپ ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق گۈل جامالىنى،
تاشتى ئۇرغۇپ يۈرىكىمنىڭ يالقۇنلۇق كۈيى.

1981 - يىل ئۆكتەبىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تورى

## تۇرسۇن مەخسۇت

# ھاياتقا مۇھەببەت

ھاياتنىڭ جۇشقۇن بىر تەلپۈنۈشى بار
تاڭ بىلەن ئېچىلغان گۈللەر ھۆسنىدە.
يالتىراپ تۇرىدۇ مەرۋايىت شەبنەم،
رەڭمۇ-رەڭ تاۋلانغان يومران بەرگىدە.

بوستانلار كۆيچىسى خۇش ئاۋاز بۇلبۇل،
چاڭلىداپ سايرايدۇ ئۇرىدۇ خەندان.
شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ قەلبىدە قاينار،
ھاياتقا مۇھەببەت مىسالى فونتان.

ئىشىمغا ماڭىمەن مەنمۇ تاڭ بىلەن،
ئىشخانام، ئۇستىلىم چىللايدۇ مېنى.
جۇش ئۇرۇپ ئاقىدۇ تومۇرلىرىمدا
زامانغا مۇھەببەت، ھاياتنىڭ قېنى.

مۇناسىپ قەدرىنى تاپتى مېھنىتىم،
مېھنەت ــ پەن گۈلزارى چاچتى خۇش پۇراق.
پارتىيەم باشلىدى يۈكسەك پەللىگە.
كېلىچەك چولپاندەك چاقنايدۇ پارلاق.

1981 ـ يىل ئىيۇل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

هوشۇر ئىبراھىم

# پامىر

(چاتما)

مويسىپىت پامىرنىڭ چاچلىرى ئاپپاق،
زەڭگەر رەڭ دۇخاۋا دوپپىسى باشتا.
يۇلتۇزلار شۇ دوپپا ئۈستىدىكى گۈل،
كۈمۈش نۇر ئوينايدۇ ھەر سۈزۈك تاشتا.

كۆنگەيگە زەرلىگەن چاچقاندا شولا،
تەسكەيىنى قاپلايدۇ قوڭۇر رەڭ سايە،
چوققىلار جۇلالىق شەمشەردەك گۈزەل،
قىيالار چوققىغا سىلىنغان پايە.

تاراملىق جىرالار چىمەنلىك بىر باغ،
نە باغكى، ئىپاردەك جەننەتنىڭ ئۆزى،
شاۋقۇنلۇق تىنىمسىز ئۇرغىغان قوشاق،
باغرىدا جىمىرلار بۇلاقنىڭ كۆزى.

ئېخ! پامىر ھاياتلىق تومۇرىغا سەن
قىزىل قان بەرگۈچى بىر ئوتلۇق يۈرەك.
قارا كۆز، ئانار يۈز مەرت قىز-يىگىتنىڭ
قەلبىدە سەن ئۈچۈن مۇھەببەت يۈكسەك.

## گۈزەل يايلاق

گۈزەللىك — ئادەم ۋە نەرسىگە سۈپەت،
پەرقلىق ھەر نەرسە ئاشۇ جەھەتتىن.
ئويلايمەن، مەن كۆرگەن پامىر يايلىقى
گۈزەللىك شاھىدۇر ھەممە تەرەپتىن.

چەت-چېتى ئۇپۇققا تۇتاشقان ئۇنىڭ،
ئۇپۇقكى — پامىرنىڭ قامەت بويلىرى.
تاراملار كۆك ئۆزرە چۈشكەن ئاق يىپەك،
رەڭ بېرەر بۇلۇتقا بۇژغۇن ھورلىرى.

يىراقتىن قارىساڭ، ياپ-يېشىل دېڭىز
ئۈستىدە جىمىرلار قۇياش شولىسى.
يېقىنلاپ كەلگەندە ياپ-يېشىل چىمەن،
ئوتلىغان ماللارنىڭ كېلەر ھەۋىسى.

مىنىس قوي گوياكى ئاپپاق توپ بۇلۇت،
ھەسەل قوي يۇڭلىرى تاۋلانغان شەپەق.
ئاق-چىپار كالىلار يۇلتۇزلۇق ئاسمان،
تولۇن ئاي سۇمرۇغدىن قىلىشماس پەقەت.

بۇلاقلار لىپمۇ-لىپ مەي تولغان قەدەھ،
ئىككى يان زىلال سۇ — ئۆركەشلىك ئېقىن،
ئاق ئۆيلەر چاقنىغان كۈمۈش رەڭ مۇنار،
يىگىت-قىز كۆزلىرى بەئەينى چېقىن!

ئەگەر سەن ئۆزەڭنى تاشلىساڭ چۆپكە
ياتقاندەك بولىسەن گۈلدار گىلەمدە.
قىمىزدىن قانغىچە ئىچىپ يايرىساڭ،
سېزىسەن ئۆزەڭنى باغۇ-ئېرەمدە.

## پادىچى يىگىت

بوز تورۇق ئارغىماق ئۈستىدە يىگىت،
گوياكى زەبەردەست يېشىل قارىغاي.
سۆڭەك نەي تۆشۈكى بېسىلغان لەۋگە،
ساداسى يايلاقنى قوچماقتا، ئايھاي...

مىڭ تۈمەن قۇشلارمۇ ئۈن ئالار نەيدىن،
ئاشىدۇ دەريالار، تاغلار ھەيۋىسى.
ئۇسۇلغا چۈشىدۇ قىسما-قىسما گۈل،
كۈلىدۇ مۇز تاغدا ئاق قار لەيلىسى.

پادىچى يىگىت ئۇ يايلاق بۈركۈتى،
قاشلىرى ئاستىدا ئوينايدۇ چەشمە.
تېقىمىنىڭ ئاستىدا ئۇزۇن سالمىسى،
قامچىسى قېيىچتىن ياسالغان ئەشمە.

ھەر يىلى باھاردا كېلىدۇ يىگىت،
يايلاققا تۈمەنلەپ چارۋا باققىلى،
بىرنى ئون، ئوننى يۈز قىلىپ تۆل ئېلىپ،
ئەجرىدىن ۋەتەنگە تۆھپە قاتقىلى.

تۆگىلەر لوككىسى خۇددى تىك چوققا،
موزاينىڭ ساغرىدا توختايدۇ تۇخۇم،
قۇيرۇقلۇق قويلارنىڭ تامچىيدۇ يېغى،
قۇلۇنلار تۇلپارنى باسىدۇ چوقۇم.

شۇ يىگىت بىھساپ چارۋا-پادىنىڭ
مېھرىۋان ئاتىسى، قەيسەر ئىگىسى.

قەلبىدە گۈلخاندۇر بىر ئۇلۇغ ئارزۇ،
شۇ ئارزۇ-ھەۋەستىن ياشنار كەلگۈسى.

## سىغىنچى قىز

ئۈرچۈقتىن موكىلار يىپ سۇغارغاندەك
سۈت ساغار چىلەكلەپ سىغىنچى قىزچاق،
ئەۋرىشىم بارماقلار ئاجايىپ ئەپلىك،
ھەركىتى بەك چاققان، ھەر كۈن ئىككى ۋاق.

سۈت قايماق، سېرىقياغ ئاشۇ قىزچاقنىڭ
ئەجرىدىن ھەمىشە بولىدۇ پەيدا.
شۇ قىزچاق قولىدىن سۈت ئىچكەن يىگىت
ئۆزىنى قىلىدۇ ئۆمۈرلۈك شەيدا.

## خوش!

خوش، مېنىڭ قەلبىمدە سۆيگۈ ياندۇرغان
قېرىنداش تاجىكنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتى.
پىكىر-خىياللىرىم قالدى سېنىڭدە،
يۈرەكتە چوغلانغاچ ئىشقىڭنىڭ ئوتى!

گوياكى باھارنىڭ سۆيىدەك ئويناپ،
كېلەرمەن قايتىلاپ سېنى كۆرگىلى.
ۋەتەنگە ئەجرىدىن شەرەپ ياغدۇرغان
يىگىت-قىز مەڭزىدىن قېنىپ سۆيگىلى.

1982 - يىل ئىيۇل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ياسىن مەخسۇت

# ئۈچ شېئىر

### ياشلىق دېگەندە

نەزمىلەر يېزىشقان مىڭلىغان شائىر
ئوخشىتىپ ياشلىقنى باھارغا-گۈلگە.
كەتسىمۇ پەسىللەر كېلىدۇ، بىراق
بولالماس گۈل-باھار ياشلىققا ئۈلگە،
ئوتتۇزدىن ھالقىغان چېغىدا ئادەم،
شۇ ئۇتلۇق تەسرات كېلەر كۆڭۈلگە.

ئادەمنىڭ ھاياتى مىسالى بىر يول،
ياشلىق بىر يولۇچى شۇ يولدىن ئۆتەر.
گاھى ياش نى ئېغىر يۈك بىلەن مېڭىپ،
تارىختا ئۆچمەس ئىز-نامىنى پۈتەر؛
گاھى ياش غادىيىپ، لاغايلاپ يۈرۈپ،
تەقدىردىن ھالاۋەت—بەختىنى كۈتەر.

زوقلىنار بەزىلەر ياشلىق دىگەندە،
ياشلىققا بىرىدۇ تۈگىمەس مەنا.
ئىزدەيدۇ بەختىنى مېھنەت، ئىجاتتىن،
تەر تۆكۈپ ئۆستۈرەر رەيھان ۋە رەنا.
كۆيىدۇ ۋەتەن ـ ئەل ئىشقىدا دائىم،
ئەجرىگە قىلچىمۇ قويماس تەمەننا.

مۇشەققەت لەشكىرى تۇرسىمۇ قورشاپ،
ئىجات ۋە مېھنەتتىن ئۈزۈلمەس مېھرى.
ياش تۇرۇپ چېچىغا قونسىمۇ قىرو،
شاتلىقتىن نۇرلىنىپ تۇرىدۇ چېھرى.
ۋاقتىنى قەدىرلەپ ئۆتكەچكە ھامان،
ئالىدۇ ئەجرىدىن بىباھا بەھرى.

شۇ گۈزەل ياشلىقتا ئۆتكەن تالايلار،
جەڭلەردە ئەل ئۈچۈن كېچىپ جېنىدىن.
يارالدى بۈگۈنكى بەختىيار زامان،
شۇلارنىڭ تۆكۈلگەن ئىسسىق قېنىدىن.
مەڭگۈلۈك ئىز قالدى ئانا تۇپراقتا،
شۇ باتۇر ئەۋلاتنىڭ ياشلىق چېغىدىن.

www.uyghurkitap.com

ئۆتسە گەر ئىنساننىڭ ئالتۇن مەزگىلى،
ئالتۇندىن قىممەتلىك ئىش قىلىپ ئەلگە؛
كەتسىمۇ ئالەمدىن، قىلماس پۇشايمان،
قالغاچقا شۇ ھايات يولىدىن بەلگە.
ياشلىققا ياراشقان شۇ ياخشى خىسلەت،
بولىدۇ كېلىچەك ئۆچۈن بىر ئۈلگە.

ياشلىققا ياخشىلىق بولغاچقا زىننەت،
ئەل ئۇنى ساقلايدۇ مەڭگۈگە ئەستە.
ئەجرىسىز كۆمۈلگەن ئىنسان ئۇنتۇلار،
قويسىمۇ قەۋرىگە ياساپ گۈلدەستە.
ھەۋەسكە بېرىلىپ قويمىسۇن ھېچكىم،
خار ئەيلەپ ياشلىقنى پەگادا-پەستە.

1983-يىل نويابىر.

## ساز چالسام...

ساز چالسام، كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتىسەن،
قولۇمدىن بىر ئەيىپ سېزىپ قالغاندەك؛
گاھىدا بوينۇڭنى تولغاپ قويىسەن،
گوياكى ئەقلىڭدىن ئېزىپ قالغاندەك.

چۈشەندىم، غەلىتە ئاڭلاندى چوقۇم
ۋەتەن دەپ چالغان ساز، ناخشام سەن ئۈچۈن.
لەززەتلىك بىلىنەر، بەلكىم مۇھەببەت
كۈيلىرى ياڭرىغان ئاخشام سەن ئۈچۈن.

تامچىدەك كۆرۈنەر دەريانىڭ سۈيى
بىپايان دېڭىزنىڭ سۈيى ئالدىدا.
نىمىگە ئەرزىيدۇ ئىشقى-مۇھەببەت
كۈيلىرى ۋەتەننىڭ كۈيى ئالدىدا؟

ساز چالسام، سازىمدا كۈيلىنەر ۋەتەن،
كۈيلىرىم ۋەتەننىڭ مېھرىدىن پۈتكەن.
سەن مېنى سۆيگەندە، مەنمۇ سېنىڭدىن
ۋەتەننى سۆيىدۇ دەپ ئۈمىت كۈتكەن.

چۈنكى بىز ۋەتەننىڭ قوينىدا ئۆستۇق،
ۋەتەننىڭ مېھرىدىن قېتىلدۇق سەپكە؛
ۋەتەنگە ئاتالغان ئوتلۇق كۈيلىرىم
شۇڭلاشقا ئۈزۈلمەي ياڭرار ئەبەتكە.

سەن مېنى سۆيگەندەك، ئانا ۋەتەننى
قەدىرلەپ يالقۇنلۇق يۈرەكتىن سۆيگىن.

ۋەتەننى گۈيلىسەم سازىمدا، سەنمۇ
جۇر بولغىن، شۇ كۈيىنىڭ ئىشقىدا كۆيگىن.
1981 ـ يىل نويابىر.

## بىر يۈرەكتە ئىككى ئوت

ئانامدىن تۇغۇلۇپ كۆز ئاچقىنىمدا،
مەن بىلەن ئىككى نەرسە تەڭ يېتىلدى:
مۇھەببەت ئوتى يانغان يۈرىكىمگە
نەپرەتتىن ھاسىل بولغان ئوت قېتىلدى.

ۋەتەنگە باغلىغان چىن مۇھەببەتنىڭ
ئوتلىرى يۈرىكىمدە ئېشىپ باردى.
ئالتۇندەك دىيارىمغا قەست ئەيلىگەن
ياۋلارغا غەزەپ ـ قەھرىم تېشىپ باردى.

ھېچكىشى ئىنسان دىمەس، ۋەتىنىگە
مېھرىسىز ـ مۇھەببەتسىز تۇغۇلغاننى.
نەپرەتسىز كىشى چىدار، ئانىسىنى
كۆرسىمۇ ياۋ قولىدا بوغۇلغاننى.

مۇھەببەت بىلەن نەپرەت قوشكېزەكتۇر،
لېكىن ئۇ ئەسلىدە بىر تۇققان ئەمەس.

ئىككى ئوت بەردى ۋەتەن مۇھەببىتى،
بۇ ئوتنى باشقا بىرسى ياقـقان ئەمەس،

كۆلمەڭلەر، بىر يۈرەككە ئىككى ئوتنى
قاندادقمۇ سىغدۇرغىلى بولىدۇ دەپ.
بولمىسا ياۋغا يانغان نەپرەتلىرىڭ،
ۋەتەنگە مۇھەببىتىڭ يوق دىگەن گەپ.

1980 ـ يىل سېنتەبىر.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئابلىكىم باقى

# ئىككى مەسەل

## ئىبرەتلىك جازا

(مەسەل)

بۆك ـ باراقسان ئورماندا
ئۇچار قۇشلار دوست ئىكەن.
بولغاچ ئىناق، سەمىمى،
بىر بىرىدىن خۇش ئىكەن.
بىر كۈنىسى سېغىزخان
ئېلىپ كېپتۇ شۇم خەۋەر.
يىغىلىپتۇ ھەممە قۇش
كەڭ سورۇنغا تاڭ سەھەر.
سېغىزخاننىڭ سۆزىچە،
چوڭ پالاكەت كەلگەنمىش.
ئۇچار قۇشلار سىرىنى
تۈلكە تامام بىلگەنمىش.

بۇ چارنى تۆلكىگە
تۆمۈر تۇمشۇق دېگەنمىش،
تۆندە كېلىپ تۆلكىمۇ
تالاي قۇشنى يېگەنمىش.
تۆن ـ كېچىدە تۆلكىلەر
كەلمەك بوپتۇ جاڭگالغا،
ئۇخلاۋاتقان قۇشلارنى
چۆشۈرمەك بوپ چاڭگالغا
ئاڭلاپ قۇشلار بۇ سۆزنى
ھودۇقۇپتۇ كارامەت.
قوغلاپ تۆمۈر تۇمشۇقنى،
ياغدۇرۇپتۇ مالامەت.
ئايرىلىپتۇ جاڭگالدىن
تۆمۈر تۇمشۇق ئامالسىز.
پىلان تۈزۈپ كۆڭلىدە،
ئىش باشلاپتۇ ھايالسىز.
كەچقۇرۇن ئۇ ئورماندا
پەيدا بوپتۇ تۇيۇقسىز:
سېغىزخاننى يوشۇرۇن
كۆزىتىپتۇ ئىزمۇ ـ ئىز.
يۇرەر ئىكەن سېغىزخان
كەڭ ئورماننى ئارىلاپ.

www.uyghurkitap.com

يوشۇرۇنغان قۇشلارنى
ئوغرىلاردەك مارىلاپ.
يول ئاپتۇ ئۇ بىر چاغدا،
تاغ تەرەپكە يۈگۈرۈپ،
تۆمۈرتۇمشۇق مېڭىپتۇ
ئارقىسىدىن ئۈلگۈرۈپ.
يېتىپ كېپتۇ سېغىزخان
تۈلكىلەرنىڭ يېنىغا،
سۆزلەپتۇ ئۆز قەستىنى،
پاتماي قىنى ـ قېنىغا.
خوش بولۇشۇپ تۈلكىلەر
چاۋاك چاپتۇ سەكرىشىپ،
مۇنداق دەپتۇ ھەممىسى
سېغىزخاننى ماختىشىپ:
"بولدۇڭ بىزگە ساداقەت،
قىلماستىن ھىچ دۈشمەنلىك،
ھەم ساقلىدىڭ ئىچىڭدە
ئۆز پۈشتۈڭغا ئۆچمەنلىك.
ئۈمىدىڭنى ئاقلايمىز،
تەلۈڭگە يارىشا.
ھەممە قۇشنى يوقاتساق،
سەن بولىسەن پادىشا..."

تۆمۈرتۇمشۇق بۇ سۆزنى
ئاڭلاپ دەرھال ئۇچۇپتۇ.
ئورماندىكى قۇشلارغا
ھەممە ئىشنى ئېيتىپتۇ.
جىددى جەڭگە راسلىنىپ،
تەييار بوپتۇ پالۋانلار.
بۈركۈت، ئۆكە، قارغۇجا،
لاچىن، قۇرغۇي، شۇڭقارلار.
يېتىپ كېپتۇ بىر چاغدا
بىر توپ ئاچكۆز تۈلكىلەر.
ئورمانلىقنى بىر ئاپتۇ
چىقىرىغان كۈلكىلەر.
تاڭغا يېقىن ئورماندا
باشلىنىپتۇ چوڭ ئۇرۇش.
ھۇجۇم قىپتۇ ھەر ياندىن
تۈلكىلەرگە بارچە قۇش.
قاچقان تۈلكە قۇتۇلۇپ،
قالغانلىرى ئۆلۈپتۇ.
بۇ غەلىبىدىن شاتلىنىپ،
ھەممە قۇشلار كۈلۈپتۇ.
تۆمۈرتۇمشۇق غەزەپتە
ئورمانلىقنى ئاختۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com

سېغىزخاننى ئېپكېپتۇ،
كىكىرتەكتىن چىڭ بوغۇپ.
ئاھ ئۇرۇپتۇ سېغىزخان،
تۆمۈر تىرناق زەربىدىن.
كىچىككىنە بىر تۆشۈك
ئېچىلىپتۇ گېلىدىن.
بۇ جازانى ھەممە قۇش
ئاڭا لايىق كۆرۈپتۇ.
ۋاپاسىزلىق ئۇنىڭغا
شۇ تامغىنى ئۇرۇپتۇ.
شۇندىن بۇيان سېغىزخان
زارلار ئىمىش جېنىدىن،
تومۇز كۈنلەر سۇ ئىچسە،
تۆكۈلەرمىش گېلىدىن.

## بۆرى بىلەن بۇغا

ئىككى بۇغا ئورماندا
ئوتلاپ يۈرسە ئارىلاپ،
كېلىپ قېپتۇ تۇيۇقسىز
بىر ئاچ بۆرە مارىلاپ.
ئىككى بۇغا ياساپتۇ

بىر قوغدىنىش تورىنى.
ئۆتكۈر نەيزە، مۈڭگۈزلەر
بوپتۇ ئەجەل بورىنى.
ئىككى ياققا ئىككىسى
قېچىپتۇ تېز قۇيۇندەك،
ئاچ بۆرىنىڭ ھەيۋىسى
تۈيۈلۈپتۇ ئويۇندەك.
ئارىسالدا بوپ بۆرە
تۇتالماپتۇ بىرسىنى.
ئاچچىغىدا قوغلاپتۇ
يوقاتماستىن ئىزىنى.
ئىككى بۇغا بىر چاغدا
چىمەنلىكتە ئوتلاپتۇ.
بولۇق ئوت - چۆپلەر بىلەن
قوسىغىنى توقلاپتۇ.
شوقلۇق چىقىپ توقلۇقتىن
باشلىنىپتۇ ئاداۋەت.
چىمەنلىكنى تالىشىپ
بوپتۇ گويا قىيامەت.
دەپتۇ بىرى:
— چىمەنلىك
مېنىڭ تاپقان ئۇزۇغۇم.

ھەممىسنى يەپ كەتسەك،
ئاچ قالامدۇ قوسۇغۇم؟
دەپتۇ بىرى:
ـــ بۇ يەرگە
باشلاپ كەلدىم مەن سىنى.
بۇنداق ياخشى ئوتلاقنى
تېپىپ باققىن سەن قېنى!
ـــ نىمە ئانچە قارايسەن،
قورقاتتىممۇ سىنىڭدىن؟
ـــ ھىلى بىكار جاجاڭنى
يەيسەن تازا مىنىڭدىن.
شۇنداق قىلىپ بۇغىلار
ئۇسۇشۇشكە باشلاپتۇ،
مۈڭگۈزلىرى كىرىشىپ،
گوياكى ئوت چاقناپتۇ.
تارتىشىپتۇ بۇغىلار
جانلىرىدىن تويغانـدەك.
ئايرىلماپتۇ مۈڭگۈزلەر
مەھكەم باغلاپ قويغاندەك.
مۆكۈپ ياتقان يىرىدىن
چىقىپ بۆرى شۇ پەيتتە،
غۇچۇرلىتىپ چىشىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

كېپتۇ دەرھال ھەرگەتكە،
"ئىسست" دەپتۇ بۇغىلار
ئاھ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.
بۆرى كېلىپ ئۇلارنى
دەرھال يېرىپ تاشلاپتۇ.

1984 ـ يىل، ماي.



www.uyghurkitap.com

### مۇھەممەت ئىمىن

# ئۇمىت يۇلتۇزلىرى

(غەزەللەر)

## 1

قانائەت پاتقىغى چوڭقۇر، قىيىن چىقماق پېتىپ قالساڭ،
"كامالەت" ياستۇغىنى قىرلاپ خۇدۇڭ بىلمەي يېتىپ قالساڭ.

بارار دولقۇن يېرىپ ئۆرلەپ بۈيۈك ئارزۇدا ھەمرايىڭ،
كېلەمدۇ شان يەنە قولغا يېرىم يولدا ھېرىپ قالساڭ!

ئۇتۇق، تۆھپەڭ ئەمەس پەللە، چېكى ھەرگىز ئىجادىڭنىڭ،
ئەمەسمۇ سەت كىبىر تونى يېپىنجاقلاپ چېنىپ قالساڭ.

ئېچىنغاي ئەل، بويۇن تولغاپ سۇنۇپلا تۇنجى جامىڭنى،
ئەمەل. شۆھرەت، پاراغەتكە تاما بىرلە بېقىپ قالساڭ.

پەقەتلا شۇمدى سەندىن ۋەتەننىڭ كۈتكىنى، ئويلان،
كۆرەرسەن كۆپ يۈكۈك شۇنچە، ئۈمىت ئىشىگىن ئېچىپ
قالساڭ.

سېنى باققان نى ئارماندا بېرىپ ۋەتەن — ئانا ئاق سۈت،
قىلالمايسەن ئادا پەرزىڭ مەگەر پىستان چېقىپ قالساڭ.

ئىرادەڭنى كامان ئەيلەپ، ساداقەتنى قىلىپ گاڭ ئوق،
ھۇجۇمغا ئۆت، سېنىڭ قورغان، يۆلەك خەلقىڭ قېرىپ
قالساڭ.

قانائەتنى يىراق قوغلاپ، شىجائەتتىن كەمەر باغلاپ،
تىرىش، ئىنتىل، ۋەتەنگە سۈن تېرىڭدىن دۇر تېپىپ قالساڭ.

ئالار پەخرى بىلەن تىلغا ئەبەت نامىڭنى ئەۋلاتلار،
ئەگەر ئەجرىڭ بىلەن خەلقىڭ يۈرەگىگە يېقىپ قالساڭ.

## 2

تەكەببۇر بولمىغىن ئەسلا! شەھەر ـ قەلئەنى ئالساڭمۇ،
سېلىپ لەرزىگە دۇنيانى زەپەر سازىنى چالساڭمۇ.

ئەمەس يول تۈز، غادايغانچە كۆزۈك كۆرمەس ئېگىز-
پەسىنى،
ئاتارسەن ئاخىرى موللاق گويا رۇستەم سانالساڭمۇ.

ئۆزەڭنى قويمىغىن ئۈستۈن، ئۇلۇغ خەلقىم، شىپا مېھرى،
تاپارسەن چىن ھايات قايتا كويىقاپقا قامالساڭمۇ.

ئىسىل خىسلەت چاچار ئاپتاپ، دىسەڭ: "ئاددىلا خىش
قويدۇم..."
ئىجات، ئەجرىڭدە ئالتۇندىن تالاي نۇردىنى سالساڭمۇ.

قاچار ئابروي يىراق شۇنچە، ئۇنى قانچىكى قوغلاشساڭ،
كېلەر ئەلگە چاكار بولساڭ، تۆۋەن پەگادا قالساڭمۇ.

جامائەت ئەقلى زور ئوكيان، سېنىڭ تامچە نىھايەت، بىل،
يىگانە قاي ئىشىڭ ئاققاي، جاپا چەكسەڭمۇ-تالساڭمۇ.

ئامال قىلساڭ بېشىڭ كۆككە يېتەر بەلكى، بىراق زىنھار
قۇياش تەپتى بىرەلمەيسەن بولۇپ زەر-نۇر تارالساڭمۇ.

خۇدۇڭ بىلمەي قۇياشمەن دەپ كېرىلسەڭ گەر خاقانلاردەك،
بولارسەن كۆل ئاخىر بىر كۈن، ئۇيۇل گاڭدىن يارالساڭمۇ.

شۇڭا ئەۋۋەل ئۆزەڭنى بىل، رولۇڭنى توغرا مۆلچەرلە،
ئۇيات، قىلساڭ تەمەننانى، بولۇپ بىر گۈل تاقالساڭمۇ.

كۆرەڭلىكتىن كېچىپ، ئەل دەپ ئۇلۇغ قايىنامغا تاشلانساڭ،
تاپارسەن قەدرى-قىممەتنى، پەقەت تامچە ئاتالساڭمۇ.

## 3

كۈنلۈك ئۆتسە ئورا كولاپ، كەچۈرمەيدۇ جاھان زادى،
كۆمۈلگەنلەر بوغۇپ گالدىن قويۇپ بەرمەس ئاسان زادى.

ئەزىز تۇپراق يارالمىشتۇر تېرىشقا دان، تىكىشكە گۈل،
بىراق قىلدىڭ ئۇنى سەن ھاك، ئېلىنماسقا خامان زادى.

قىلارسەن تەخ بوسۇغا، يول، ئېكىنزارغا يېپىق گوداڭ،
مەگەر كىمكى چۈشەر بولسا، قىيىن چىقماق ئامان زادى.

بۇڭا ياندىش قاداق تەخسەڭ، غادايغانغا قىلىپ تازىم،
ئەمەل، نەپ دەپ يالايسەنكى دىمەي بەتبۇي تاپان زادى.

گۈناسىز گەۋدىگە دەسسەپ ئېگىز بالداقتا ئۆرلەيسەن،
بىراق توسماسمۇ ئەل قەھرى بولۇپ تىك تاغ-داۋان زادى؟!

www.uyghurkitap.com

ئۆتەر قانداق گېلىڭدىن كۆز يېشىنى مەي قىلىپ ئىچسەڭ،
هارام ئاشتىن زەھەر ئەلا، قوشالماس جانغا-جان زادى.

ئىناقسىزلىق، توپان ئىچرە روناق تاپقان قاچان خەلقىم،
تۇتۇشساق ئۆزئارا، قانداق يەمەي ياتقاي قاۋان زادى.

ئۇنتۇدۇڭمۇ، بوۋاڭ سادىر ئادالەت جېڭىدە زاھىر
بولۇپ، ئەلگە جېنىن تىككەن دىمەي تارتتىم زىيان زادى.

ئۇنىڭ ئەۋلادىسەن، بىلسەڭ، ئۇيات نەپسىڭنىلا دىمەي،
كۆيۈپ پۈتكەنمۇ شۇ چوغدا نومۇس، ۋىجدان، ئىمان زادى.

سىنى كىممۇ دىگەي ئادەم، بولالمىساڭ ھاشارەتچە،
ئېزىپ قوۋمىنى چاقمايدۇ يىلان، ھەتتا چايان زادى.

بىراق سەن بىر ئۆزەڭنى دەپ ئۇرارسەن مىڭغا نەشتەرنى،
شۇڭا ئۆلسەڭ زىمىن بەرمەس تېخى يەرلىك ماكان زادى.

كىمىكى ئورنىنى قازسا چۈشەر ئاخىر ئۆزى تەھقىق،
ياغار ئەل نەپرىتى تاشتەك ئۇنىڭغا بىگۇمان زادى.

مۇبادا يانمىساڭ بالدۇر خۇيۇڭدىن، تۇۋا-دات ئەيلەپ،
چۈكۈپ لەنەت قىيانىغا بولۇرسەن غەرق شۇ ئان زادى.

## 4

پەلەككە تەلمۈرۈپ باقما، خۇراپاتتىن نىجاتلىق يوق،
نادانلىق سۈيىدە ئاقما، ساڭا ئۇندىن كۆشاتلىق يوق.

جاھالەت قاپلىسا ئەلنى، دىدۇق "تووۋا!" پۈكۈپ بەلنى،
بىراق قانچە ئەسىر ئۆتتى يەنە ھۆرلۈك-ئازاتلىق يوق.

نىمە كەلدى ئاداۋەتتىن، قۇتۇلدۇقمۇ ئاسارەتتىن؟!
چېكىپ كەلدۇق ئازاپ-كۈلپەت ۋەتەندە ھىچ ئاۋاتلىق يوق.

سائادەت نۇرلىرى ئاخىر قىلىچىنىڭ بىسىدىن ھازىر
بولۇپ ئەلگە تارالغاندا دىدىڭ: "بۇسىز مۇراتلىق يوق..."

ئېچىلدى كۆك كەبى كۆڭلۈڭ، مېڭىپ پەن كانىغا ئوغلۇڭ،
ئۇزاتتىڭ دەپ: "گۆھەر قازساڭ ئۆتەرسەن پەندىياتلىق
يوق..."

يېتىلدى ئۇ بولۇپ ئالىم، رىيازەتتىن يىمەي ۋايىم،
دىلىدىن دۇر تۆكەر پەسلى بالا ياغدى، ھىماتلىق يوق.

www.uyghurkitap.com

بوزۇقلار خارلىدى چەيلەپ، قارا چاپلاپ نوپۇزلۇق دەپ،
قازا تاپتى ئەلەم بىرلە يېڭى تۆھپە، ئىجاتلىق يوق.

چۈشەنمەي قايمۇقۇپ شۇ دەم، يەنە "شۇكرى، دىدىك يەپ غەم،
ئوقۇشسىز قالدى پەرزەنتىڭ پەلەكتىن ھىچ ئىجاتلىق يوق.

سىيىت نوچى قېنى چاچراپ، نادانلىقا كىيەن راسلاپ،
قويۇپ كەتكەن ساۋاق ئاچچىق، يېنىدا بىر ساۋاتلىق يوق.

بۇنى مەڭگۈ تۇتۇپ ئەستە، گاراڭلىقنى قويۇپ پەستە،
پۈتۈن ئالەمگە كۆز سالساڭ، يېشىلمەس تىلسىماتلىق يوق.

سەبى نەۋرەڭ ئوقۇپ ئۆسسۇن، دىلىغا يەن نۇرى تولسۇن،
ئىلىمسىز ئەل قارا جاڭگال، گۈزەل-پارلاق ھاياتلىق يوق.

ئەمەس بىز كەم ئەقىل ھەرگىز، سېلىپ مارسقا زەپەردىن ئىز،
ياسايمىز توي، بولۇپ غالىپ، ھامان بىزگە ماماتلىق يوق!

5

كۆزۈڭنى ئاچ، گۈزەل، پارلاق يېڭى دەۋرانغا باق ئەمدى،
كىلىچەك چىلىلىغان جەڭگە كىرىپ كۆكرەكنى ياق ئەمدى.

ئۆتۈپ كەتتى بولۇپ چۈشتەك قارا باسقان قاباھەت تۈن،
نۇرانە تاڭدا رەنادەك كۆلۈپ چاچقىن پۇراق ئەمدى.

قارا، غەيرەتتە ئۇچماقتا زەپەر تۇلپارىدا مەرتلەر،
يۈرۈشكە ئۈندىسە دوستۇك پەقەت بولما قاچاق ئەمدى.

بىر اۋنىڭ ئەجرىدىن سەھرىپ ياشاشتىنمۇ نومۇس ئىش يوق،
ئۆزەڭ ئىشلەپ ھالال تۆككەن تەرىڭ قەنتىنى چاق ئەمدى.

يىسە ھورۇن ناۋات، ئىشچان كاچات، "توۋا" دىدىڭ، ياتتىڭ،
قويۇپ ئۆرلە بولۇپ لاچىن، يولۇڭدا يوق توساق ئەمدى.

چېقىلدى داش قازان، قىلما تاما ئوپچى ئۇماچ بار دەپ،
سۈيۈق ئاداپ، قۇرۇق لاپقا بولامدو گول قوساق ئەمدى.

ھورۇنلۇقتىن نىمە كەلدى؟ بولۇپ سۈسىز ئېرىق، ئۆتتۈڭ،
ئەجىر، مېھرىڭنى ئاققۇزغىن بولۇپ ئەلگە بۇلاق ئەمدى.

ئىشىڭنى ۋايىغا يەتكۈز، بېلىڭنى ئەرچە چىڭ باغلاپ،
ناۋا قىل باغ ياساپ، دەشتتە چېكىپ يۈرمەي پىراق ئەمدى.

ئەزىز ئوغلان دىگەي خەلقىم سىلاپ باشىڭنى ھۆرمەتتە،
ئۆتەر بولساڭ ئەگەر كەلسە خەتەر، مۇشكۇل سىناق ئەمدى.

كۇتەر تەشنا يورۇق ئىقبال، ئېچىپ قوينىڭنى جانانىدەك،
يېتەرسەن ۋەسلىگە، ئۇچساڭ، ئەمەس مەنزىل يىراق ئەمدى.

1981 ـ يىل ئۆكتەبىر.



ئابلەت ئىسمائىل

# ۋىجدان نەزمىلىرى

## ئالدىدا

(غەزەل)

زەر ئىرۇرسەن، بولمىغىن خەس رەزگى تۆھمەت ئالدىدا،
ئەيلىمە زىنهار تەمەننا ناز، خوشامەت ئالدىدا.

ھەر سۆزۈڭدە ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق ئەيلىگىن،
بولمىغىن يالغانچى سەن ئەھلى جامائەت ئالدىدا.

ھەرقاچاندا ئىشلىگىن ئەل خىزمىتىنى جان تىكىپ،
يەشمىگىن بەلنى پەقەت جەۋرۇ-مۇشەققەت ئالدىدا.

تاۋلىنار يالقۇندا ئالتۇن، جەڭ چېلىشتا مەرت يىگىت،
تاغ-داۋان باش ئەككۈسى غەيرەت-شىجائەت ئالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مەڭگۈ ئۆچمەس تۆھپە قالدۇر كەلگۈسى ئەۋلات ئۈچۈن،
تۇرما مەڭدەپ ئازغىنا تۆھپە ـ كامالەت ئالدىدا.

ئاغرىتىپ ئېيتاركى دوستۇڭ، شۇم رەقىبىڭ كۈلدۈرۈپ،
توغرا بول تەنقىت ۋە ھەتتا تىل ـ ئاھانەت ئالدىدا.

ئاقلىغىن ۋىجدان بىلەن ئانا ۋەتەن ئۈمىدىنى،
ئەس ـ ھۇشۇڭ، نەپسىڭنى يىغ راھەت ـ پاراغەت ئالدىدا.

جانجان خەلقىم باھاسى ئەڭ بۈيۈك ئادىل باھا،
كۈل بولار تۆھمەت دىگەن دانا ھەقىقەت ئالدىدا.

## بولمىسام

(غەزەل)

جان ئانا، ئوغلۇم دىمە، جەڭلەردە پەلۋان بولمىسام،
گەر بالا ـ مۇشكۈلنى مەن يەڭگۈچى مەردان بولمىسام.

پەپىلەپ، ئاق سۈت بىرىپ قوينۇڭدا ئۆستۈردۈڭ مىنى،
بولمىغاي قەرزىم ئادا كۆكسۈڭگە قالقان بولمىسام.

تەرۇ-ئەجرىمدىن ۋەتەننى گۈللىمەك بەختىم مېنىڭ،
نە يىگىتمەن، شان قۇچۇپ تىللاردا داستان بولمىسام.

بەختى بەختىم ئەل-ۋەتەننىڭ، قايغۇسى قايغۇم مېنىڭ،
نە هاياتمەن ئەل بىلەن بىر تەنۇ-بىر جان بولمىسام.

ئەي ئانا، خىسلەت غۇرۇرۇڭ تا ئەبەت ئۆرنەك ماڭا،
مەن بولاي تۇز كور، ساڭا چىن سادىق ئوغلان بولمىسام.

## كۆرمىدىم

(غەزەل)

جاھان كەزدىم سەن كەبى ئۈز دىلرەبانى كۆرمىدىم،
مېھرى ئىللىق، ھۆسنى گۈل، بويى زىبانى كۆرمىدىم،

بىر ئۆمۈر ئىشقىم بىلەن سۆيگەن ۋاپادارىم ئۆزەڭ،
سەندىن ئۆزگە غەيرى دىلبەردىن ۋاپانى كۆرمىدىم.

سەن ئۈچۈن جەۋرى-جاپا چەكمەكلىكىم راھەت ماڭا،
گەر "جاپا چەكتىڭ" دىسەڭ، دەيمەن "جاپانى كۆرمىدىم".

ئەي ۋەتەن، جاندىن ئەزىزدۇر سەنــدىكى ھەر بىر گىيا،
ھېچ قەيەردە زەر توپاڭدەك تۇتىيانى كۆرمىدىم.

لاپ ئەمەس گۈلباغلىرىڭنى مىسلى بىر جەننەت دىسەم،
جانغا راھەت ساپ ھاۋايىڭدەك ھاۋانى كۆرمىدىم.

ئارمىنىم يوق، سېنى قوغداپ جان تەسەددۇق ئەيــلىسەم،
دىسە خەلقىم: "ئەلگە سەندەك جان پىدانى كۆرمىدىم".
1982 ـ يىل ئاپرېل.

## سەن ئىقبال ئىگىسى، سەن ئەزىز پەرزەنت

ئاتىغا، ئانىغا ئوغۇلمۇ، قىزمۇ،
ئوخشاشلا قەدىرلىك، ئوخشاشلا پەرزەنت.
ئوغۇلنى ئارزۇلاپ، قىزنى خارلىغان،
بەرھەقكى، بىز ئۈچۈن يات رەزىل ئادەت.
يار بولدى، ئەي قىزىم، ساڭا بۈگۈن بەخت،
سەن ئىقبال ئىگىسى، سەن ئەزىز پــەرزەنت.

كۆز ئاچتىڭ دۇنياغا ـ تۇغۇلــدۇڭ تىمەن،
ئارزۇلاپ ئانا يەر، قۇتلىدى چىمەن.
سۆيدۇق تاڭ نۇرىدەك مەڭزىڭگە قانماي،

قىزىم، دەپ شاتلىنىپ ئاناڭ بىلەن مەن.
يار بولدى، ئەي قىزىم، ساڭا بۇگۈن بەخت،
سەن ئىقبال ئىگىسى، سەن ئەزىز پەرزەنت.

يۈزلىرىڭ تولۇن ئاي، كۆزلىرىڭ بۇلاق،
ۋىلىقلاپ كۈلسەن شۇ قەدەر ئوماق.
دولقۇنلار قەلبىمدە ئاتىلىق مېھرى،
تىكىلسەم ھۆسنۈڭگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق.
يار بولدى، ئەي قىزىم، ساڭا بۇگۈن بەخت،
سەن ئىقبال ئىگىسى، سەن ئەزىز پەرزەنت.

ھەر ئاخشام ئۇيقۇغا كەتكىچە كۆزۈم،
چۆگىلەيمەن قېشىڭدا پەرۋانەڭ بولۇپ؛
يۆلۈنۈپ بۆشۈككە ئىمتەر ئاناڭ،
تاكى تاڭ ئاتقىچە غەمخانەڭ بولۇپ.
يار بولدى، ئەي قىزىم، ساڭا بۇگۈن بەخت،
سەن ئىقبال ئىگىسى، سەن ئەزىز پەرزەنت.

كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ، تولغاندا يىللار،
تىلىڭمۇ چىقىدۇ، ماڭىسەن، قىزىم.
بوينۇڭغا چىرايلىق جىلتەڭنى ئېسىپ،
ئوقۇشقا-مەكتەپكە بارىسەن، قىزىم.

يار بولدى، ئەي قىزىم، ساڭا بۇگۈن بەخت،
سەن ئىقبال ئىگىسى، سەن ئەزىز پەرزەنت.

ئۇستازلار ئەجرىدىن بىلىم بېغىدا
كۆكلەيسەن، چېچەكلەر ئاچسەن قىزىم.
ئەل ئۈچۈن لەززەتلىك مېۋىلەر بېرىپ،
ئىپاردەك خۇش پۇراق چاچسەن قىزىم.
يار بولدى، ئەي قىزىم، ساڭا بۇگۈن بەخت،
سەن ئىقبال ئىگىسى، سەن ئەزىز پەرزەنت.

پۈتتۈرۈپ سەن ئالى بىلىم يۇرتىنى،
بولسەن ئاگرونوم ۋە ياكى دوختۇر...
كۆرگەندە سېنى شۇ ئىقبال كۆكىدە،
داداڭ ھەم ئاناڭنىڭ ئارمىنى يوقتۇر.
يار بولدى، ئەي قىزىم، ساڭا بۇگۈن بەخت،
سەن ئىقبال ئىگىسى، سەن ئەزىز پەرزەنت.

بولسەن كەشتىچى، گىلەم ئۇستىسى،
يا سەنئەت بېغىنىڭ كۈيچى بۇلبۇلى،
بولسەن ۋە ياكى ئۆزۈن سەپەرنىڭ
مەنزىلگە يەتكۈچى ئۇچقۇر دۇلدۇلى.



www.uyghurkitap.com

يار بولدى، ئەي قىزىم، ساڭا بۇگۈن بەخت،
سەن ئىقبال ئىگىسى، سەن ئەزىز پەرزەنت.

كۆز ئاچتىڭ دۇنياغا تۇغۇلدۇڭ تىمەن،
مۇبارەك ئىسمىڭنى قويدۇق "گۈلچىمەن".
ئۆسكىنە ئومىغىم، ئۆسكىن سەن تېزرەك،
ئۈمىتتە تىكىلەر ساڭا ئەل-ۋەتەن.
يار بولدى ئەي قىزىم، ساڭا بۇگۈن بەخت.
سەن ئىقبال ئىگىسى، سەن ئەزىز پەرزەنت.

1984 - يىل ئاپرېل.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## نەيىم يۈسۈپ

# غەزەلخان بىز

سائادەت بېغىدا كۆلگەن دىلى ئۇتلۇق غەزەلخان بىز،
غەزەلنىڭ غەزنىسى ـ كانى تىيانشاندا تۇغۇلغان بىز.

ئەسىرلەر تارىخى شاھىت، غەزەلخانلىق ئۇدۇم بىزگە،
جاھان باشتىنلا قايىلدۇر غەزەل بىرلە تونۇلغان بىز.

غەزەلنىڭ شاھى خاس ھاجىپ، ناۋايى، قەشقىرى، لۇتفى...
ياراتقان كۆي ـ غەزەل دەريالىرىدا سۇغىرىلغان بىز.

جاھان شىرىنلىرى ئاشىق ئىدى بىزنىڭ غەزەللەرگە،
قەلەم بىرلە قېزىپ بىستون* بولۇپ پەرھات قوشۇلغان بىز.

ئەزەلدىن ئىنتىزار بولغان ئىدۇق بىز ھۆر باھار ـ يازغا،
لېكىن ھىجران ئازاۋىدا ۋىسال ئىزدەپ پۇچۇلغان بىز.

---

* بىستون قېزىش ـــ ئاجايىپ مۆجىزە يارىتىش مەنىسىدە.

يۆرەكلەردىكى زەرداپ سۇ ئۆرۈلگەن چاغدا قانلارغا،
غەزەپ ئوكياندا ئۆركەش ياساپ قاشقا ئۇرۇلغان بىز.

تۆكۈلگەن ساپ قىزىل قانلار ئېلىپ كەلگەچكە ھۆر تاڭنى،
ئۈمىت يۇلتۇزلىرى چاقناپ ئازات ئەل بوپ قۇرۇلغان بىز.

ياراغاچ كەڭتاشا ئىمكان غەزەلنى ئەۋجىگە باشلاپ،
جاھان سەيناسىدا مەغرۇر، ئەجەپ مەردان تونۇلغان بىز.

لېكىن بىر چاغدا ئاسماننى بالاخور جۇت بۇلۇت قاپلاپ،
قەپەز ئىچرە گويا بۇلبۇل بولۇپ دەرتتە بوغۇلغان بىز.

بۇلۇتلار كۆكسىنى ياردى قىساسنىڭ چاقمىغى ئاخىر،
ئۇلۇغ نەدىبىر كۈچى بىرلە يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغان بىز.

غەزەلنىڭ كانىدىن گۆھەر قازارمىز بىز يېڭى روھتا،
غەزەلخان ھەمدە تۇلپار بىز يېتىلگەن، تاڭشۇرۇلغان بىز.

يېڭى شانلىق سەپەر بىرلە ۋەتەن ئىقبالى كۈلمەكتە،
تەسەددۇق ئەسلى-ۋەسلىمىز، ۋەتەنگە تاپشۇرۇلغان بىز.

1979 - يىل ئۆكتەبىر.

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەجمىدىن سىدىق

# دىلبەر

ــــ ناخشىچى قىز دىلبەر يۇنۇسقا بېغىشلايمەن.

"ئۇسۇل ـ ناخشا ماكانى"نىڭ جۇلالىق ئەختىرى دىلبەر،
دىسەم ئەرزىر سىنى رەڭدار جاۋاھىر جەۋھىرى دىلبەر.

"مانا ئەزىز دىيارىمدىن ناۋا ياڭراتقىلى كەلدىم"
دىدىڭ، ناخشاڭغا تاڭ قالدى جاھاننىڭ مۇنبىرى، دىلبەر.

"قۇچۇپ سەنئەت باھارىنى مۇقامىم ئالدى جان تەنگە،
ياشارتقاچ سۇغىرىپ بىلىم ـ ئىجاتكار كەۋسىرى" دىلبەر.

دىدىڭ شۇنداق، يېڭى دەۋران نامايان بولدى ئالەمگە،
ئۆزەڭ شاھىت بولۇپ سەنئەت بېغىمنىڭ ئەنبىرى دىلبەر.

قانات قاقتى سۆيۈنگەن دىل قۇشى گۈلدەستە يوللاشقا،
بۇلاقتەك قاينىغان ئىلھام گۈلى كۆلگەنسىرى دىلبەر.

سېنى ئۆرنەك قىلىپ ئالغا ئىنتىلدى قانچە ياش ئەۋلات،
قانائەتـىنىڭ بولۇپ سەنـدەك ئەجەلـلىك شەمشىرى دىلـبەر.

دىمەكتە چىگرىدا جەڭچى ۋۇجۇت ـ باغرىنى قىپ قالقان،
يېقىملىق خۇش ئاۋازىڭغا پۈتۈن خەلق مۇشتىرى دىلبەر.

ھەدەڭ پاشايۇ ـ پاتەم...لەر قوۋاندى سايرىشىڭ ئاڭلاپ،
يېتىلگەچ سەن غەزەلخانلار ئارا بوپ سەرۋەرى دىلبەر.

ئەزىزانە دىيارىمغا ھۆسۈن قوشتۇڭ بولۇپ بىر خال،
ياشاپ كەتسۇن سېنى تۇققان ئىلىمنىڭ قەشقەرى، دىلبەر.

1984 ـ يىل دېكابىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

## ھەسەن تىلىۋالدى

# ئۈچ شېئىر

## مەرتىلىك قەسىدىسى

سەپەر دۈلدۈلى چارچىغان چاغدا،
مەنزىلگە ھەرگىز يېتىمەن دىمە.
ساڭا يار بولار چۆلدە مۇقەررەر
ئۆتەك ئۆيلىرى يەلكەنلىك كېمە.

مەن ئېيتقان يوللار — رىۋايەتتىكى
تىلسىماتلارنىڭ بەئەينى ئۆزى.
بۇندا تۆت پەسىل ھۆۋلايدۇ تىنماي،
دەھشەتلىك بوران كېچە-كۈندۈزى.

ئەتراپى سايلىق، دەشتى-باياۋان،
بۇ يەردە يوقتۇر يېشىل گۈل-گىيا.
يەرلەر قاغجىراپ يېرىلغان چاك-چاك،
ئۆسەلمەس ھەتتا يانتاق ھەم بۇيا.

تونۇردەك ئىسسىق بۇ يەر تومۇزدا،
نەملىكتىن قىلچە يوق بۇندا ئەسەر.
ئەگەر ھەپتىلەپ ياغسىمۇ يامغۇر،
بىر دەمدە يالماپ يۇتۇپ كېتەر يەر.

قىشتا شۇۋرغان سالىدۇ دەھشەت،
سوغاق زەربىسى ئۇرۇۋلار يۈزگە.
سۈرلۈك چىقىراپ ئۈچۈرۈپ قارنى،
تاغلاردىن ھەيدەپ كېلىدۇ تۈزگە.

جۇدۇن لەشكىرى بولۇپ ھۆكۈمران،
ئەتىياز، كۈزدە ئېپكېلەر بوران.
قۇم بارخانلىرى بولىدۇ ھاسىل،
پەسىل ئۆزگەرسە ئۆزگىرەر ھەر يان.

بۇ يەردە يوقتۇر ئۇچار قاناتلار،
كەلمەس بۇ جايغا بۇغا ۋە تۈلكە.
كۆرۈنمەس بۇندا قۇرۇت يا قوڭغۇز،
چىدالماس ھەتتا بۇ جايغا تۆگە.

بىراق بۇ جايدا ياشايدۇ ئىنسان،
قۇم-بوران بىلەن ئېلىشىپ جەسۇر.

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ پىنھانە خىلۋەت ماكانىغا
ئۇلارنىڭ مېھرى باغلانغان چوڭقۇر.

ئۇلاردۇر قەيسەر تاشيول ئىشچىسى،
تىنىم تاپماستىن يولنى ئاسرايدۇ.
بوراندا پەرۋاز قىلغان لاچىندەك،
مۈشكۈلنى يېڭىپ ئۇندا ياشايدۇ.

ئۆتەر بۇ يولدىن ئۈزۈلمەي كارۋان،
قالدۇرۇپ ئارتتا تالاي يوللارنى.
ھەيران ـ ھەس قالار كۆرگەندە ئۇلار،
بۇندا ياشىغان ئىشچى دوستلارنى.

يۈك ـ تاق بېسىلغان ماشىنىلارنىڭ
ئۆچسىمۇ يولدا قالماستىن ئىزى،
بىراق شۇ قەيسەر تاش يولچىلارنىڭ،
پايانسىز چۆلدىن يۆتمەيدۇ ئىزى.

ئۇلار كۆرمەيدۇ كىنو ـ تىياتىر،
ھەمرا ئۇلارغا كەچتە جىن چىراق.
كىتاپ كۆرىدۇ ئاستىدا ئۇنىڭ،
قىلچە زېرىكىش سەزمەيدۇ بىراق.

تاڭ سەھەر بىلەن باشلايدۇ ئىشنى،
تاشيولنى بويلاپ قىلىدۇ ھەركەت.
كەچكى شەپەقنىڭ قىزىللىغىنى
بەزىدە بۇلار سەزمەيدۇ پەقەت.

بۇنداق تەبىئەت سالىدۇ جاپا،
كۆزلەر بەزىدە تولىدۇ ياشقا.
ئاشۇ چۆل قوشى قەيسەر ئىشچىلار،
ئوخشار بەئەينى گىرانىت تاشقا.

يۇكسەك چوققىغا ئۆرلەپ چىقىشقا،
تاغدەك مۇستەھكەم ئىرادە كېرەك.
تاشيول ئىشچىسى باسماقتا ئالغا،
مەردانىلارچە كېرىپ گاڭ كۆكرەك.

## ئۆچمەس ئىز

ئايدىڭ كېچە، كۆكتە تولۇن ئاي،
جىمىرلىتار كۆزنى ئوينىتىپ.
دەل ـ دەرەخلەر تاشلايدۇ سايە،
يۇرەكلەردە ھوزۇر ئويغىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەيىن شامال گۈزەل باغلاردىن
ئېلىپ كېلەر يېقىملىق پۇراق.
مەن تۇرىمەن دەريا بويىدا،
قەلبىم خوشال، ئىلھامىم بۇلاق.

ئۈستىدە ھۆكەر تەبەسسۇم بىلەن،
نازىنىپ ماڭا باقىدۇ كۈلۈپ.
غەزەلخان قۇشلار ئۇرىدۇ خەندە،
ئايدىڭ كېچىنى قالغاندەك سۆيۈپ.

ئەتراپىم گۈزەل بەئەينى جەننەت،
تاغلار يىراقتىن كۆرۈنەر ھەيۋەت.
مەيىن يەلپۈنۈپ ئوينايدۇ گۈللەر،
دەريا قىرغاقا چاچىدۇ زۇمرەت.

ئايدىڭ كېچىدە سۈرىمەن لەززەت،
مەھلىيا قىلار مېنى گۈل ـ چېچەك.
بارچە گۈزەللىك بولۇپ مۇجەسسەم،
مۇشۇ كېچىگە بولغانمۇ بىزەك.

شۇ قەدەر كۆركەم چەكسىز بۇ ۋادە،
گويا نازىنىن ساھىپجامال قىز.

ئانا تۇپراقنىڭ ئايدىڭ كېچىسى،
سالدى كۆڭلۈمگە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز.

## قوڭغۇر تاش

سايدىكى شۇ زۇمرەت ئېقىن ئىچىدە،
قوڭغۇر رەڭلىك بىر تاش تۇرار چوكچىيىپ.
تۆت پەسىل ئىزىدىن مىدىرلىماس ھېچ،
مەيلى سۇ ھەرقانچە كەتسە ئۇلغىيىپ.

بەزىدە شۇ سايغا كېلىپ قالسام مەن،
ئۆتىمەن شۇ تاشنى دەسسەپ ئۇ قاشقا.
زوقلىنىپ قارايمەن ئۆتكۈنچىلەرگە،
بىر ئاددى كۆۋرۈك بوپ ياتقان شۇ تاشقا.

بەزىدە ئۆزەمگە قويۇپ مەن سوئال،
نەپ بەردىم خەلقىمغە دەيمەن قانچىلىك؟
مىڭ مەرتە رازىدىم ئەجرىمدىن ئەلگە
يەتكۈزسەم مەنپەئەت قوڭغۇر تاشچىلىك.

1984 – يىل نويابىر.

uyghurkitap.com
كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

مۇتىللا ئىبراھىم

# ئانا ۋە شېئىر

چىققانتى باشتىلا تىلىم "ئانا" دەپ،
مەكتەپمۇ "ئانا" دەپ بەردى خەت ـ ساۋات.
"ئانا" دەپ مەن يازدىم تۇنجى شېئىرىمنى،
بالىلىق بۇرچۇمدىن ئېچىپ ھىساۋات.

سېنىڭ شۇ يېقىملىق ئەللىيىڭ، ئانا،
تۈگىمەس كۈي بولۇپ قالدى تىلىمغا.
ئۇرنىدى ئاق سۈتۈڭ بولۇپ شېئىردىي سۆز،
ئانا دەپ تەلپۈنگەن قەلب ـ دىلىمغا.

قالمىدى يەردە گۈل، كۆكتە ھىچ يۇلتۇز،
سەن ماڭا كۆرسىتىپ قىلدۇرمىغان ھىس.
ئۆگەتتىڭ بۇركۈتتەك قىلىشنى پەرۋاز،
ئۆستۈردۈڭ بۇلبۇلدەك كۈيگە قىلىپ ھىرىس.

ئاقىدۇ ۋۇجۇدۇم، قان تومۇرۇمدا
مېھرىڭنىڭ ئېقىنى ئۆكسمەي شىر-شىر.
ئۆركەشلەپ دىلىمدا سۆيگۈ دېڭىزى،
ياڭرايدۇ شاۋقۇنى بولۇپ كۈي-شېئىر.

ئەمەستۇر بۇ شېئىرىم مىسرالىرى ھېچ
ئاق قەغەز بېتىگە چۈشكەن كۆك سىيا.
ئېخ ئانا، ماڭا بۇ مىسرالار ئارا
نۇر چاچار ساڭا خاس ئۇلۇغۋار سىما.

شەنىڭنى ئۇلۇغلاپ يازسام قانچە شېئىر،
تۈيۇلار بىرسىدىن بىرسى يېڭىدەك.
تارقىتىپ كۆڭلۈمنىڭ تۇمانلىرىنى،
يۈز ئاچار گوياكى باھار تېڭىدەك.

مەن ئۈچۈن ئەزىز سەن، بۈيۈك سەن ئانا،
كېلىسەن كۆڭلۈمدە تۇتۇپ يۈكسەك جاي.
ھۆرمىتىڭ چاقنايدۇ ئىقباللىم ئۈچۈن،
شېئىرىم كۆكدە بولۇپ كۈن ۋە ئاي.

ئەقىدەم گۈلشىنى ياشنار ياز ۋە قىش،
ۋاپا تۇپرىغىمنى قۇچقاچ نۇر-زىيا.

ئېخ، ئۇندا ئەگىتىپ بەختىم قۇشىنى،
ئېخ ئانا، قىلمايسەن كۆڭلۈمنى سىيا.

1983 - يىل سېنتەبىر.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

روزى نىياز

# ئىككى شېئىر

## مايسا

چىۋەر قوللار بوشۇك قىلىپ ئېتىزنى،
ئۆستۈرۈپتۇ مايسىلارنى ئەللەيلەپ.
بىر تالنىمۇ خەستىلىكتە قويماپتۇ،
كەلسىمۇ جۇت، قۇم ـ بورانلار دىۋەيلەپ.

سىپاپ ئۆتسە شامال يىپەك قولىدا،
ئىغاڭشىيدۇ ھەر بىر تۇپى قىلىپ ناز.
مەھسۇلاتتىن بېرىپ قۇتلۇق بىشارەت،
كۆي توكۇپتۇ قۇشلار ئاي ـ ھاي چېلىپ ساز.

ئالتۇن چەشكە چۈشسە دېھقان نىگاھى،
قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ يېتەر ئاغزى قۇلاققا.
ماكان تۇتۇپ گۆھەر ئاشلىق ئامبارد،ن
دەستۇرخانلار تولار مايلىق توغاچقا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يېشىل بەلباغ

يۆگىشىپتۇ قىرغا ئوقا تارتقاندەك،
كۆك مەردىشىپ ئۆسكەن ئورمان بەلبېغى.
پەرزەنتىگە كۆيۈنگەندەك كۆيۈنەر
ئاتا مېھرى بولاق دېخان-ئامرىغى.

خىيابانلىق يېشىل سېپىل كوچىدىن
سۇنۇپتۇ زەپ قوم-بورانلار ھەيۋىسى.
سايە تاشلاپ گۈلشەن ئىتىز بويىغا
كۆز يېغىنى يەيدۇ گۈزەل جىلۋىسى.



**ھەبىبۇللا روزى**

## قايتىدىن

(غەزەل)

كۆلدى بەختىم، بولدى ئاي يۇرتۇم سىماسى قايتىدىن،
تارتتى دىللار مەيلىنى ياشناپ گىياسى قايتىدىن.

ۋەتىنىم ئاسمانى كۆندەك پارلىدى تارقاپ تۇتەك،
ئالدى زۇمرەت رەڭگىنى ئاتموسفېراسى قايتىدىن.

لاللەر پىنچەك ئېچىپ تارقاتتى ھەر يان خۇش پۇراق،
بەردى دىللارغا ھوزۇر تاڭنىڭ ساباسى قايتىدىن.

قىلدى جەۋلان، كۆكتە كۆكلەم قالغىچى ئويناپ ئۇسۇل،
باغنى چاڭ كەلتۈردى بۇلبۇللار ناۋاسى قايتىدىن.

يەتتى يار ۋەسلىگە كاككۇك تاپتى ئۆز زەمىنەبىنى،
بولدى ھەل غەمكىن كۆڭۈللەر ئىلتىجاسى قايتىدىن.

تۆندە ئۆرتەنگەن يۈرەكلەر يايرىدى زوقلا تولۇپ،
پۈتتى ئاغرىغى شىپا تاپقاچ ياراسى قايتىدىن.

تەندە كۈچ ـ دەرمان تۈگەپ، كەتكەندە خەلقىم ھالىدىن،
جانغا ـ جان قوشتى ئېلىمنىڭ باش پاناسى قايتىدىن.

دىل سىغىنغان بەختىيار كۈنلەرگە خەلقىم بولدى يار،
تاجغا ئالماشتى ئېغىر قالپاق ـ كۇلاسى قايتىدىن.

چوڭ يۈرۈشنىڭ دۈمبىغى گۈمبىرلىدى ھەيۋەت بىلەن،
ياردى كۆكنىڭ قەھرىنى مەركەز جاكاسى قايتىدىن.

نەرە تارتىپ خەلقىمىز سالدى يېڭى جەڭلەرگە ئات،
لەرزىگە كەلدى ۋەتەن تاغۇ ـ دالاسى قايتىدىن.

ئورنىغاچ ئادىل تۈزۈم، ئەل بولدى جۇشقۇن، تىنچ، ئىناق،
ھەممە سەپتىن ياڭرىدى غەلىبە ساداسى قايتىدىن.

ۋەتىنىم ئىقبال كۆكىدە پارلىدى چولپان بولۇپ،
چاقنىدى پەن ـ مەرىپەتنىڭ نۇر ـ زىياسى قايتىدىن.

چاچلىرى قاردەك ئاقارغان قانچىلاپ پەن ئەھلىنىڭ
قەلبىدە ياندى ئىجات ـ مېھنەت لاۋاسى قايتىدىن.

گۈل ئېچىپ ئارزۇ-ئۈمىت كۆلدى رىياللىق باغدا،
مىۋە بەردى قانچە ئالىملار قىياسى قايتىدىن.

قوشسا تۆھپە ئەلگە كىم شۇ چىقتى ھۆرمەت تەختىگە،
ئۆستى مەرتىلەر ئەجرىنىڭ قەدرى-باھاسى قايتىدىن.

ئى، ھەبىبۇل، سەنمۇ ئۆمرۈم مەنىلىك ئۆتسۇن دىسەڭ،
يۇرت-ۋەتەن پەرمانىنىڭ بولغىن پىداسى قايتىدىن.

1981-يىل ئىيۇل.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ھېيتەم ھۈسەيىن

# قاراماي ئىلھاملىرى

(چاتما)

## نېفىتچى قىز

ئۈستىدە ئاددى ئىشچى كىيىمى،
كۆكسىدە چاقنار "نېفىت" دېگەن خەت.
ئاشۇ قىزچاقتا قاراپ قالىمەن،
تاڭ سەھەر پەيتى ئۆتسە ھەر نۆۋەت.

"كەپتەر" ماركىلىق ۋەلسىپىتى
غۇيۇلداپ ئۇچار، شۇنچە پارقىراق.
ساغلام، سۇمباتلىق قەددى ـ قامىتى،
يۈزى نۇرانە، كۆزلىرى ئويناق.

قوللىرى رولدا، كۆزلىرى يولدا،
ئىشقا بالدۇرراق باراي دەمدىكىن؟

ياكى بەسلەشكەن يىگىتنى ئارتتا
قالدۇرۇپ، ئۆزەم ئۇتاي دەمدىكىن؟

ئويلىدىم: "ئەجەپ چەبدەس قىز ئىكەن،
باغلاپتۇ ئىشقا شۇنچە ئىشتىياق.
نى-نى يىگىتنى قايىل قىلامدۇ،
ئەگەر ھەممە قىز بولسا مۇشۇنداق؟!"

## كۆلۈپ ئىچىدە

قۇچىغىدا سەن شۇ تاپ داداڭنىڭ،
ئويۇن كۆرسەن سوزۇپ بوينۇڭنى.
كۆپ بولسا سەككىز ياشقا كىرگەنسەن،
مۆلچەرلەپ كۆرسەم سىنىڭ بويۇڭنى.

شۇنچە شاتلىنىپ كۆلدۇ داداڭ،
سەھنىگە قاراپ گاھى قاقاقلاپ.
شىلدىرلاپ ئاققان سۇزۇك بۇلاقتەك
سەنمۇ كۆلسەن دەم-دەم ۋىلىقلاپ.

ئون يىللار ئۆتۈپ، ئويۇن قويغىلى
يەنە بىر كەلسەم تونۇرسەنمىكىن؟

شۇ چاغ چوڭ بولۇپ سەنمۇ داداڭدەك،
داڭدار نېفىتچى بولارسەنمىكىن؟

## يۈرەك سۆزۈم

نېفىتچىلارنىڭ شەنگە ئاتاپ،
دىل دەپتىرىمگە قوشاق يازىمەن.
تېنىم تاپمايدۇ زېھنىم بۇرغىسى،
قەلبىم تەكتىدىن شېئىر قازىمەن.

دىلىم پىچىرلاپ دەيدۇ: ھۆسەيىن،
قەلبى پاك، گۈزەل يارانلارنى ياز.
قۇتلۇق شەنىنى ئاڭلىسۇن خەلقىڭ،
ئوتلۇق قەلبىڭدىن داستانلارنى ياز!

كەزدىم گۈزەللىك ئالىمىنى مەن،
ئىشچىنىڭ قەلبى ئىكەن بەك گۈزەل.
شۇڭا ئىلھامىم قايناپ يۈرەكتىن
شەنىگە ئۇنىڭ ياڭراتتىم غەزەل.

1983 ـ يىل سېنتەبىر.

www.uyghurkitap.com

ئىمىن راشىدىن

# ئاق كەپتىرىم

ئاق كەپتىرىم، ئاپپاق كەپتىرىم،
ئۇنلەپ بېرىسەن شۇنچە چىرايلىق.
خۇش ناۋا ئەيلەپ تال باراڭلىقتا،
بولۇپ قالدىڭسەن ماڭا خۇمارلىق.

قىزىل تۇمشۇغىڭ ياقۇت مىسالى،
سەكرەپ ئوينىشىڭ بۆلەكچە ئوماق.
بەزەن بېشىمغا قونۇپ ئالسەن،
ئۆتىمىز شۇنداق مېھرىۋان ئىناق.

يورىسا ئاسمان مىسلى زۇمرەتتەك،
سەلتەنەت بىلەن قىلىسەن پەرۋاز.
بوينوڭغا ئاسقان ئالتۇن قوڭغۇراق —
جاراڭلاپ كېتەر شۇنچە خۇش ئاۋاز.

www.uyghurkitap.com

ئاق كەپتىرىم، ئاپپاق كەپتىرىم،
پەزىلىتىڭنى قىلاي مەن ئۆلگە.
كۆيلەپ ئەلدىكى تىنچ-ئىناقلىقنى،
گۈلشەنلەر ئارا ئۆتەيلى بىرگە.



مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

# غەزەللەر

## سوراڭ

— بىر دىخان ئاغزىدىن.

شاتلىغىمنى كۆزدىكى كۈلگەن قىياپەتتىن سوراڭ،
كۈلكىنى كومپارتىيەم بەرگەن سائادەتتىن سوراڭ.

مەن كەبى مىليون يۈرەك شادىيانىغا ئوينار ئۇسۇل،
ۋەجىنى سىز دەۋرىمىز تۆككەن شاراپەتتىن سوراڭ.

قىش-زىمىستان زەھرى ئۆتكەن تەلمۈرەر ياز ۋەسلىگە،
قەدرىنى گۈلشەن باھارنىڭ شۇ ھىكايەتتىن سوراڭ.

بىر زامان باستى تۇمان، بەختىم گۈلى بولدى خازان،
چەيلىنىپ خەس بولغىنىمنى شۇ پالاكەتتىن سوراڭ.

www.uyghurkitap.com

سۆزىدى "سەن يېڭى باي" دەپ ساقلىمدىن نەچچىسى،
ساپ تەرىم مەھسۇلىغا قىلغان ھاقارەتتىن سوراڭ.

بىگۇنا قالپاق بىلەن قەددىم ئېگىلدى "يا" سۇپەت،
يار-بۇرادەر ئالدىدا تارتقان خىجالەتتىن سوراڭ.

كېچىلەر كۆز يۇممۇدۇم "ئاھ! يارتىيەم سەن نەدە؟" دەپ،
كۆز ئوڭۇمدا مۆڭدۈشۈپ، قىلغان شىكايەتتىن سوراڭ.

سۇر بۇلۇتلار باغرىنى تىلدى غەزەپنىڭ خەنجىرى،
مېھرى-شەپقەت يامغۇرى يۇغان جاراھەتتىن سوراڭ.

ياشرىپ بولدۇم يىگىت، كارۋانغا ھەمدەم يار-يۆلەك،
ئىچ-ئىچىمدىن قاينىغان غەيرەت-جاسارەتتىن سوراڭ.

ئەمگىكىمدىن قامىتىم بولدى گويا كى بىر چىنار،
كۈلگىنىنى تەلىيىمنىڭ بۇ پاراغەتتىن سوراڭ.

گۈللىنىشنى سۆزلىگەن، پارلاق نىشانىنى كۆزلىگەن،
قەد كۆتەر، باي بول، دېگەن روشەن سىياسەتتىن سوراڭ.

1983-يىل ئاپرېل.

# قەلبىڭىز

نۇرلىنىپ تاڭ بەھرىدىن گۈل ئاچتى خەندان قەلبىڭىز،
ھۆسنىڭگە قوشتى ھۆسۈن گۈلشەنگە جەۋلان قەلبىڭىز.

تەلمۈرۈپ كۈتكەن باھار كەلگەندە چىللاپ بەزمىگە،
بەرگىدىن چاچتى زىمىنغا ئەترە رەيھان قەلبىڭىز.

ئەيلىسە بۇلبۇل ناۋا، ئويىنار ئۇسۇل شات قالىغاچ،
مىسلى كۆركەم پەيزىدىن ئەيلەپ خىرامان قەلبىڭىز.

بىر زامان كەزگەندە جۇت، مۇدھىش قارا تۈن ئىلكىدە،
ئۇششۇگەن ياش نوتىدەك، سۇلغانتى نىمجان قەلبىڭىز.

چىن ۋاپا، پاك سۆيگۈ ھىسسى بۇلغىنىپ چاڭ دەستىدىن،
نائۇمىت ئاھ-زار بىلەن چەككەنتى ھىجران قەلبىڭىز.

نۇر چېچىپ چىققاندا كۈن، پۈتتى جۇدۇن چاقماق ئارا،
ياندى ئاگا جۇر بولۇپ كۆكلەردە چولپان قەلبىڭىز.

ئۇچقىلى سۇمرۇغ بىلەن چىللايدۇ دەۋران تاھىرى،
بەسلىشىپ تاپقاي مۇرات مەڭگۈ بىئارمان قەلبىڭىز.

# ئىختىيارىمچە

ئۆزاتتىم قەن-ناۋات چايناپ يىلىمنى ئىختىيارىمچە،
ئۈمىت ئىلھامىدا تۆككەچ تېرىمنى ئىختىيارىمچە.

بىلىپ ئەجرىمنى بىمىننەت، ھالال ئەمگەكنى ئۆز بەختىم،
كۆكەرتتىم تەر تۆكۈپ تىنىماي يېرىمنى ئىختىيارىمچە.

كۆچەت قويدۇم قىلىپ پەرۋىش، ئۆزۈپ ئالما، ئانارلاردىن،
بىزەپ رەڭدار چېچەكلەرگە بېغىمنى ئىختىيارىمچە.

ئېتىم كىشنەيدۇ تۇلپاردەك، سېيىر-تۇياقلىرىم بەردەم،
كۆپەيتتىم قوي بىلەن ئۆشكە، مېلىمنى ئىختىيارىمچە.

سېلىپ تۆرگە گىلەم-زىلچە، تىكىپ خاڭدەن تاۋار كۆرپە،
بىزەتتىم رەڭمۇ-رەڭ گۈلدە ئۆيۈمنى ئىختىيارىمچە.

ئېلىپ مەن ھەسسىلەپ بۇغداي، كوزامدا ئېرىگەن قوي ماي،
يېدىم سۈت-قايمىغىم بىرلە نېنىمنى ئىختىيارىمچە.

چىرايىم ئالمىدەك كۆركەم، يۈرەكتە كۈچ-جاسارەت ھەم،
بېيىشقا باغلىدىم مەھكەم بېلىمنى ئىختىيارىمچە.

ئېلىپ ئىلغارلىدىن ئۈلگە، ئانا يۇرتۇمنى گۈللەشكە،
جاراڭلىق ناخشىغا قوشتۇم ئېلىمنى ئىختىيارىمچە.

ساقايدى بىداۋا دەردىم، بولۇپ ئىنسان سۆيەت قەدرىم،
كى ياشناتتى يېڭى دەۋرىم دىلىمنى ئىختىيارىمچە.

1984 ـ يىل مارت.



رىشت مەخسۇت

# رۇبائى ۋە پارچىلار

## 1

ئىچىڭنى زىننەتلە تىشىڭدىن كۆرە،
قەلبىڭگە قەلەم چەك قىشىڭدىن كۆرە.
مەنىۋى ئۇزۇغىڭ مەزىلىك بولسۇن
كۆندىلىك يەيدىغان ئىشىڭدىن كۆرە.

## 2

كەمچىلىك تەندىكى كىرگە ئوخشايدۇ،
قارىساڭ تەن ۋە كىر بىرگە ئوخشايدۇ.
ئەسلى تەن پاك نەرسە، كىر كېيىن قونغان،
كىرنى يۇغان مەرت شىرغا ئوخشايدۇ.

## 3

گە كىيسەڭ بېشىڭغا رەھبەر دىگەن تاج،
خەلقنىڭ ئىشىنى تاپتۇرغىن راۋاج.

تۆۋەنگە ـ ئاممىغا يۈزلەنگىن دائىم،
كۆزۈڭنى ئاۋال ئاچ، كېيىن ئېغىز ئاچ.

## 4

خەلقىنىڭ دوستلىرى دوستۇمدۇر مېنىڭ،
پەرزەنتى پەرزەنتىم ــ پۇشتۇمدۇر مېنىڭ.
دۈشمىنى چېقىلسا، ئوقيارىم ــ قەلەم،
قالقىنىم پولاتتەك كۆكسۈمدۇر مېنىڭ.

## 5

ئادەمسەن، ئەخلاقلىق ھەم غايىلىك بول،
دەرەخسەن، مۇۋىلىك ھەم سايىلىك بول.
مەرىپەت بازىرى قىزىدى قايناپ،
قۇرۇق قول يۈرمىگىن، دەسمايىلىك بول.

## 6

قىلغىلى بۈگۈندىن ئەتىنى ياخشى،
قەدىرلە ھەر ئىشنىڭ پەيتىنى ياخشى،
بۈگۈن سەن جاپالىق ئىشلىسەڭ، ئەتە ــ
چاقسەن ئەجرىڭنىڭ قەنتىنى ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## 7

قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقمايدۇ ئەمدى،
بۇگۈنكى بازاردا ئاقمايدۇ ئەمدى.
بىر ـ لىپ، جاپالىق ئىشلىمىگەننىڭ
رايىغا زامانمۇ باقمايدۇ ئەمدى.

## 8

ئىلغارلار خۇش پۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ،
كەڭ ئاما يىلتىز ۋە غولغا ئوخشايدۇ.
ئېچىلغان گۈلى يوق يىلتىز بىلەن غول،
پەنجىسى بولمىغان قولغا ئوخشايدۇ.

## 9

ئەل مىنى ئۆستۈردى ساغلام ئەر قىلىپ،
ئەخلاقلىق، بىلىملىك، مەرت قەيسەر قىلىپ.
زىممەمدە قەرزىمدۇر ئەلنىڭ ھۆسنىنى —
كەشتىدەك بىزىمەك ئۈنچە ـ زەر قىلىپ.

## 10

كىشىكى يېڭىلمەس توغرا يول تۇتسا،
ھەر قاچان ئەل بىلەن قولغا قول تۇتسا.

كېمىمىز مەنزىلگە يېتەر تېچ ئامان،
كېمىدە ئاشۇنداق ئادەم رول تۇتسا.

## 11

ناگىهان قۇترىسا بىر تەتۈر قۇيۇن،
شىر، تۈلكە، مايمۇنلار كۆرسىتەر ئويۇن.
مەيداندا سىنىلار كىم مەرت، كىم نامەرت،
تاقابىل تۇرار كىم، كىم ئىگەر بويۇن!

## 12

بەزىلەر كىتابنى ۋاراقلاپ ئاتلاپ،
ئىش پۈتتى دەر بىرئاز چۈشەنمەي ياتلاپ.
بۇ قىلمىش ئەسلىتەر پۇتى قىچىشسا،
يۆگەننى ئۆتۈكنىڭ سىرتىدىن تاتلاپ.

## 13

كىشىلەر ئىسسىقتا ئىزدەيدۇ سايە،
كۆيۈشتىن شۇ سايە قىلار ھىمايە.
گەر كۆچەت تىكمىسەڭ قاقاس چۆللەرگە.
كۆيەرسەن تومۇزدا بولۇپ بىچارە.

1983 ـ يىل.

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىمسى

مۇھەممەت رەھىم تۇرسۇن

# قەدىم تۇرپان

## بىزەكلىك

بولۇپ قىپتۇ ئون توققۇز ئەسىر
تارىخىڭغا سىڭىنىك، بىزەكلىك(*).
سەن ئاجايىپ سەنئەتلىك قەسىر،
جۇلا چاچار سەندە گۈزەللىك.

بىر جۈپ ئەمەس، مىڭ جۈپ كۆز بىلەن
قاراپ-قاراپ تويمايمەن ساڭا!
كۆزلىرىمنى قىلسام ئاپارات،
كەملىك قىلار كۆزلىرىم ماڭا.

گۈلتاجى بوپ سەن مەرىپەتنىڭ،
نۇر ئىلكىدە تۇرىسەن چاقناپ.

(*) بىزەكلىك — تۇرپاندىكى "مىڭ ئۆي" كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

نادىر، گۈزەل ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ
بولالمايمەن تۈردىنى ساناپ.

ھاياجاندىن شاتلىنىپ قەلبىم،
تەنتەنىدە قىلدى نامايىش.
مىڭ ئاپىرىن، سەنئەتكار خەلقىم،
قىلغىنىڭغا تالاي ئىسىل ئىش.

يايرىدىمەن سەنئەت بېغىدا،
يۈرىگىمگە نەقىش چېكىلىپ.
قايتقاندىمۇ كۆزۈم ئارقىدا،
توپا غارغا قالدىم تىكىلىپ.

بوران ئۇرۇپ، جىنلار چىقىراپ،
تالان ـ تاراج قىلىسىمۇ شۇنچە؛
سەن تۇرۇپسەن يەنە پارقىراپ،
نۇرغا چۈمۈپ، بولۇپ گۈل ـ غۇنچە.

سەنئەت پىرى ئىز سالغان ماكان،
ياشاپ كەلدىڭ سەنئىتىڭ بىلەن؛
ئىشچان خەلقىم پاراستىنى
نامايان قىپ قۇدرىتىڭ بىلەن.

ياشلىغىڭغا قايتتىلىڭ يېڭىدىن
سەنئەت سۆيەر دەۋر نۇرىدا.
سائادەتنىڭ ئالتۇن تېڭىدىن
نۇرغا قاندىڭ ھايات يولىدا.

## ئۈزۈمزارلىقتا

كەلدىم چاڭقاپ يېشىل سەيلىگاھ،
گۈلزار ماكان بۈيلۈقتا شۇ تاپ.
تاڭ قالدىم مەن شۇ تاپ ئۆزگىچە،
كەتتى كۆزۈم شاتلىقتىن چاقناپ.

خىيال ـ پىكرىم تولدى گۈللەرگە،
كەلمەكتىمەن كۆرۈپ ئۈزۈمنى.
پارقىرايدۇ يوغان ـ يوغان ساپ،
جىلۋىلىرى چېقىپ كۆزۈمنى.

ياقۇتمۇ يا، كەھرىۋامۇ ھە؟!
ياكى زۇمرەت قاش تېشىمۇ بۇ؟!
ھە، بۇ ئىسىل ئاق، قىزىل سەيۋا،
ھەم بىجاقى... كىشمىش ئىكەن ئۇ!



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

پۈتۈن زېمىن ئەجەپ ئۈزۈمزار،
ئامىتمۇ ياكى بۇ يەرنىڭ؟!
ئۈزۈم دېدى:
"ئامىتى، بىلسەڭ،
ماڭلايلاردىن ئاققان ساپ تەرنىڭ."

1983 ـ يىل ئىيۇن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەمەت جاپپار

# جەڭچى ناخشىلىرى

## ئىز

جەزىرىدە كۆرۈپ ئىزىمنى،
پىشانىسى تەتۈركەن دىمە.
كېچىلەرنى ئويغاق ئۆتكۈزسەم،
ھەيران بولۇپ مەندىن غەم يىمە.

دالىدىكى يۇلغۇننىڭ رەڭگى
ئورۇن ئالغان قەلبىم قېتىدىن.
بىلسەڭ، ئاشۇ يۇلغۇنلار ئۆتكەن
ئەجداتلارنىڭ ئىسسىق قېنىدىن.

بۇ ماڭغىنىم ئەجداتلار ئىزى،
يەنە تالاي ئەۋلاتلار ماڭار.
تارىخ ئىچىپ ئالتۇن بەتلەرنى،
ھەر بىر ئىزنى قالدۇرماي يازار.

ئۆچـمەيدىـغان شانلىق ئىزلار بۇ،
ئاتا ئاياق باسالماس دۈشمەن.
ئەجداتلار ۋە ئەۋلات ئىزىدىن
چىچەك ئېچىپ كۈلمەكتە گۈلشەن.

1980 ـ يىل ئىيۇن.

## تاغ بىلەن بىر يالتىزىم

چارلاش بىلەن كېزىپ تاغنى، جىلغىنى،
ئىز قالدۇردۇم پىچاق بىسلىق قىيادا.
يۈرىگىمدىن شات ناخشىلار ئېيتىلار،
شوخ بۇلاقنى كۆرۈپ ھەر بىر جىرادا.

شۇ ناخشامنىڭ ساداسىدىن ئويـغىنىپ
تاغ قۇشـلىرى زوق-شوخ بىلەن سايـرايدۇ.
قورام تاشلار، سۇ، گىيالار ئۇن قېتىپ،
ئۆڭكۈرلەردە ناخشا كۈيلەر ياڭرايدۇ.

ئاڭلانغاندا ئاۋۇللارغا شات ناخشام،
چارۋىچىلار تەڭكەش قىلار يىراقتا.
ۋەتەن-خەلقىم مېنى جەڭچى بالام دەر،
كۈيلىنىدۇ تۆھپەم ئوتلۇق قوشاقتا.

www.uyghurkitap.com

پۈتمەس قۇۋۋەت، جاسارەتكە تولدۇمەن
ئانا يۇرتنىڭ پاك كۆكسىدىن نۇر ئىمىپ.
شۇ نۇر بىلەن تاغ ئۆرلىدى، مەن ئۆستۈم،
تۇرماقتىمىز ئۈستىمىزگە يۈك ئىلىپ.

## ئۈيۈلتاش

سولاشماي قىشتىمۇ قارىغاي پەقەت،
تۇرىدۇ ياپ ـ يېشىل تاغلار كۆكسىدە.
چاڭ ـ توزاڭ ياغسىمۇ قونىدۇرماي غۇبار،
گۈزەللىك قەيسەرلىك چاقنار ھۆسنىدە.

شۇ تاغنىڭ باغرىدا ياشايدۇ ئىناق
ھەر مىللەت جەڭچىسى بىر تەن، ئۈيۈلتاش،
ئۇلار بىر تۇپراقتا ئۆسكەن قارىغاي،
يىلتىزى چىرماشقان، ئايرىلماس تۇتاش.

1982 ـ يىل نويابىر.



غۇپۇر رەھىم

# گۈزەل شوتا يايلىغى

كۆك بىلەن بوي تالاشقان گۈزەل شوتا،
ئەتىراپىڭ قويۇق ئورمان، تاغ، بەل، يوتا.
پەرىزات يۈزىدىكى قارا خالدەك
ھۆسنىڭگە زەپ ياراشقان مەغرۇر چوققا.

بۇ چوققا — خانتەڭرىدۇر، نامى مەشھۇر،
بۇلاق كۆز يايلاقلىرى شۇنچە پۇزۇر.
ئۇچقۇر ئات مىنىپ كەزسەڭ ساي-جىرانى،
ئالىسەن باغدىن ئارتۇق لەززەت-ھوزۇر.

نەقەدەر سۈزۈك، خۇش بۇي تازا ھاۋا،
ھىد چاچار مىھرىگىيا تەنگە داۋا.
تاڭ سەھەر مەيىن شامال ئۇچسا ئەركىن،
ئاڭلىنار كەڭ ئورماندىن نەغمە-ناۋا.

ئۇ ناۋا، بىرلا دۇتار كۈيى ئەمەس،
ئۇ ياكى ياڭراق بۇلبۇل ئۈنى ئەمەس،
شاۋقۇنلاپ ئاققان دەريا دولقۇنىغا
جۆر بولۇپ ئۇچقان ئورمان نەغمىسى، بەس.

ئويلايمەن، بۇ نەغمىنى تىڭشاپ كۆندە،
ئاجايىپ ھىسسىياتلار ئۇرغۇپ مەندە؛
سازەندە ئالغانمىكىن مەپتۇن بولۇپ،
"ئەجەم"دەك داڭدار كۈينى ئاشۇ دەمدە...

بۇ شوتا، گۈزەللىكتە جەمئى جاننى
ئەسىر قىلىپ، ئۇرغۇتىدۇ قىزىل قاننى.
قاپ-قارا چىملان تۇپراق، مۇنبەت يېرى،
بېرىدۇ تونا-تونا ئالتۇن داننى.

ئورمانلار تاغدىن-تاغقا تۇتىشىدۇ،
بۇلاقلار بىر بىرىدىن ئۆتۈشىدۇ.
مەجنۇنتال سۆيۈپ تۇرغان تاش ئۈستىدە
چوپانلار مەشۇغىنى كۈتۈشىدۇ.

دەرياسى ئالتۇن چايقاپ تۈزگە ئاقار،
شۇ تۈزگە ئالتۇن باشاق زۇمرەت تاقار.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

تۇرنىلار توي تارتىشىپ ئۆتۈشكەندە،
زوق بىلەن گۈل ھۆسنىگە تويماي باقار.

بار ئۇندا گۈزەل ئارشاڭ، گۈزەل ئورمان،
ئورمانلار ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان،
باغرىدا بۇلاق سۈيى — كۈمۈش لېنتا،
ئەتراپتا قۇشلار ئويناپ، سايراپ تۇرغان.

بۇ ئارشاڭ "خان يايلاق"قا تۇتاشقاندۇر،
غەربىگە "تۆمۈر چوققا" ئۇلاشقاندۇر،
ئىز سېلىپ بۇندا قەيسەر ئەجدادىمىز
تاشلارغا خەت، بەلگىلەر ئويۇشقاندۇر...

ئورماندا ئالا-چىپار بۇغا-مارال،
يامرىشىپ كېزەر ئەركىن گۈللۈك ئارال.
جاھاندا بۇنداق ماكان بارمۇ دەيسەن،
ھەيرانلىق ئىچرە شۇنداق قويۇپ سوئال.

قوتازلار تۈزگە پاتماي سايدا ئوتلار،
نەسىللىك قوڭۇر سېيىر سازدا ئوتلار،
مەرىشىپ تۈرى بىلەن قوي-قوزىلار،
ياپ-يېشىل چىمەنزارلىق بوزدا ئوتلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

بىر ھوزۇر ئالسەن تاغ سەيلىسىدىن،
ئۆزگەندە چوققىدا قار لەيلىسىدىن.
سېزىسەن يەنە تېخى يەرگە قاراپ
چىققاندەك گويا ئاسمان ھويلىسىدىن.

تۇمانلىق تاغ ئۈستىنى كەزگىنىڭدە،
ئارىلاپ غاردىن-غارغا يۈرگىنىڭدە.
قۇچىدۇ ۋۇجۇدۇڭنى بىر ئېپتىخار،
بۆككىدە قارىغايلىقنى كۆرگىنىڭدە.

* * *

تۇغۇلدۇم شۇنداق ئېگىز تاغلاردا مەن،
تېگىشمەي ئۇنى شەھەر-باغلارغا مەن.
خالىساڭ، تەكلىپ قىلاي سېنى دوستۇم،
يايلاقتا گۈل ئېچىلغان چاغلاردا مەن.

1984-يىل يانۋار.



## ئابدۇقادىر ھەسەن

# باھار قوشاقلىرى

(چاتما)

### مۇقەددىمە

سەھەر چىقسام سەيناغا
دالا ـ تۈزلەر كۆلۈپتۇ.
قىزىل، سېرىق ھەم يېشىل...
رەڭدار گۈلگە تولۇپتۇ.

گۈللەر ئارا بىر توپ قۇش
قايناق بەزمە تۈزۈپتۇ.
تۈرلۈك تىلدا سايرىشىپ
خوشال ناۋا قۇرۇپتۇ.

مېنى كۆرۈپ ئۇ قۇشلار
زوقى بىلەن قاراشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

"سالام، دوستۇم!" دېگەندەك
شادىيانە سايراشتى.

## كاككۇك

كاككۇك شېرىن شاتلىنىپ،
سايراپ شاختا ئولتۇرار.
ھۆسنى ئوماق ھەم رەڭدار،
دىلى شات، كۆزى خۇمار.

دېدى كاككۇك: "كۆڭلۈم شات،
سايرايدىغان ئۆز قۇشمەن.
كېچە-كۈندۈز بۇ ئەلگە،
ئامەت-بەخت تىلەيمەن."

## قالغاچ

قالغاچۇ-قالغاچ،
قاناتلىرى ئالماچ.
ئاچا قۇيرۇق، ئاق مەيدە،
مەڭزى قىزىل، قارا قاش.

قالغاچ سۆزلەر زوقلىنىپ:
"كۈيلەپ ئەلنى قانمايمەن.

زىياندا شنى قويمايمەن،
ئەلگە شاتلىق تىلەيمەن.»

## قارا قۇشقاچ

قارا قۇشقاچ قاپ-قارا،
بويۇنلىرى پارقىراق.
ھەممە قۇشلار تىلىدا
سۆزلەر، گوياكى چاقماق:

«كەسپىم مېنىڭ تەرجىمان،
دىلنى دىلغا چاتىمەن.
دوستلىرىمنىڭ تىلىدىن
ناخشا-قوشاق قاتىمەن.»

## سوپىياڭ

چېقىر كۆزلۈك سوپىياڭ،
ئالا-سېرىق چىرايلىق.
ئاسما ئۇۋا ياسايدۇ
ئىگىز شاخقا قولايلىق.

دېدى سۆزلەپ سوپىياڭ:
«ئۇچالايمەن يىراققا،

شۇنچە ياڭراق ئاۋازىم،
ئاڭلىنىدۇ ئۇزاققا.“

## سۈندۈك

ئۇزۇن پاچاق سۈندۈكجان،
يەرگە قونسا دىكىلدار.
زىلۋا ئىسىل قۇيرۇغى
جىم تۇرماستىن لىكىلدار.

ئاپپاق، قارا ھەم سېرىق
كىيىملىرى ياراشقان.
شۇڭا دوستلار ئۇنىڭغا
زوقى بىلەن قاراشقان.

سۈندۈك دەيدۇ: ”ۋۇجۇدۇم،
ۋەتەن ئۈچۈن يارالغان.
شۇڭا مەندىن ھېكايەت
ئەلگە كەڭرى تارالغان.“

## تومۇچۇق

تومۇچۇغۇم — تومۇچۇق،
جۇغى كىچىك يېقىملىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاۋازلىرى بەك ئوچۇق،
قىسقا تۇمشۇق، چىرايلىق،

ئۇچۇپ ئويناپ بوستاندا،
گۈلدىن ھوزۇر ئالىدۇ.
مەجنۇن نوتا ـ تاللارغا
ئەپچىل ئۇۋا سالىدۇ.

## بۆدىنە

سېمىز گىنە بۆدۈنەم،
ھۆسنى ئوماق، دوغىلاق.
ئىسسىق جايغا ـ تومۇزغا،
شۇنچە خۇشتار ئامراق.

ئالتۇن باشلىق بۇغدايزار
ئۇنىڭ ئىسسىل ماكانى.
قانچە ئىسسىق بولسا ئۇ
باشلار نەغمە ـ ناۋانى.

## كۆكتالغا

سايراپ ھارماس كۆكتالغا،
كۆكۈش پەيلىك مۇلايىم.

www.uyghurkitap.com

ماموق پەيدىن ئازغانغا
ئۇۋا سالار ئۇ دائىم.

كۆكتالغىدۇر قىممەتلىك،
كېسەللەرنىڭ دارىسى.
شىپا تاپار ئۇنىڭدىن
كۆك يۆتەلنىڭ نالىسى.

## هۆپۈپ

ئۇزۇن تۇمشۇق هۆپۈپنىڭ
شۇنچە كۆركەم تاجىسى.
هاشارەتنى تۇتۇشتا
تۇمشىغىدۇر قايچىسى.

قاناتلىرى لىپىلداپ
ئۇچار هەر يان شاتلىنىپ.
زىيانداشنى قويمايدۇ،
يېڭى جەڭگە ئاتلىنىپ.

## تورۇلغا

هوزۇرلىنىپ تورۇلغا،
ياشار بىزدە ئۆزمە يەپ.

سايراپ خوشال تور ـ تور ـ تور:
"قوزغال ئىجات قىلغىن" دەپ.

## خاتىمە

قۇشلار ئوپچە خور قىلىپ
ئېيتتى مۇنداق نەزمىنى:
"شائىر بولساڭ ئال قەلەم،
داستان قىلىپ ياز بىزنى.

شۇڭغۇپ ئۇچۇپ هارمايمىز،
گاهى ئىگىز، گاهى پەس.
تاتلىق ئۆمۈر سۈرىمىز
ئىنسانغا بوپ هەمنەپەس.

نەدە بولسا هاشارەت
ئوقتەك بىرىپ تۇتىمىز.
قانماي ۋەتەن هۆسنىگە
سەيلە قىلىپ ئۇچىمىز."

مەنمۇ دىدىم: "قۇشلىرىم،
سايراپ كۆكتە ئۇچۇڭلار،

بىز ئاسرايمىز سىلەرنى،
شان ـ شەرەپلەر قۇچۇڭلار.“
1982 ـ يىل سېنتەبىر.



مەمتىمىن زىبىبللا

# ئىككى شېئىر

## ئەمدى دىخان دەك مېنى

(غەزەل)

ئۆتتى تۆت كۆكلەم باھارىم، ئەمدى دىخان دەك مېنى،
ئاشتى تەندە كۈچ ـ مادارىم، ئەمدى دىخان دەك مېنى.

تەر تۆكۈپ ئىشلەپ يەنە قەرزىم ئادا بولماس ئىدى،
قەد كۆتەردىم، ئەي نىگارىم، ئەمـدى دىخان دەك مېنى.

قانچە كۆپ ئالسام ھوسۇلنى ئاشتى شۇنچە غەيرىتىم،
ئىككى قاتلاشتۇر شوئارىم، ئەمدى دىخان دەك مېنى.

ئىشلىگەچ قەن چىشلىدىم، ئاشتى دارامەت يىلمۇ ـ يىل.
ئاش بىلەن تولدى تاغارىم، ئەمدى دىخان دەك مېنى.

باغ بىنا قىلغان ئىدىم، ئەجرىم بىكارغا كەتمىدى،
بار خېرىدار ھەم بازارىم، ئەمدى دىخان دەڭ مېنى.

بەختىيار، كەڭرى زاماندىن كۆلدى ئىقبالىم مېنىڭ،
ياڭرىدى ياڭراق ساتارىم، ئەمدى دىخان دەڭ مېنى.

كەلدى ئامەت مەن ئۈچۈن، كەلدى پەقەت كۆز تەگمىسۇن،
چىن ھالاللىق تىل تۇمارىم، ئەمدى دىخان دەڭ مېنى.

بۇ باياشات كۈندە ئىشلەيمەن تۇرۇپ يەڭنى راسا،
چىن روناق تاپماق قارارىم، ئەمدى دىخان دەڭ مېنى.

## ناخشا ئىبىتسام

دولقۇنمەن، جىمجىتلىق تىنىق كېچىنى
تىنىمسىز شاۋقۇنلاپ ئويغىتىدىغان.
ھاياتىم ناخشا ـ كۈي، دىلبىرىم قىرغاق،
خىسلىتىم چوققىغا ئۆرلەشتۇر ھامان.

تاڭ سەھەر ناخشامنى ئىبىتسام ۋاقىراپ،
سۆيىدۇ قىرغاقلار مېنى قۇچاقلاپ.
كەچقۇرۇن ناخشا ئىبىتىپ قايتسام ئىتىزدىن،
كۈلىشەر يۇلتۇزلار چىم ـ چىم چاراقلاپ.



www.uyghurkitap.com

بەزىدە ئايدىڭدا ئېيتسام ناخشىنى،
تولۇن ئاي ماڭا كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ،
كۆيلىرىم تۆكمەس كۈندۈز ۋە ئاخشام،
ھەر ناخشام زېمىنغا گۆھەر چاچىدۇ.

1983 ـ يىل نويابىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## هوشۇر ئەخمەت

# مەشئەل

باياۋان باغرىغا تۈس بېرىپ ھەيۋەت،
تۆمۈريول كۆمۈشتەك چاقناپ ياتاتتى.
ياز ئىدى، چىڭقى چۈش، ئەتراپ تونۇردەك،
بىر يىگىت شۇ يولدا كېتىپ باراتتى.

ئۆشنىدە ئاق سومكا، قولىدا بولقا،
بارىدۇ زەڭ سېلىپ يوللارنى چارلاپ.
ئارىدىن خېلى چاغ ئۆتتۈپ، تېز بېسىپ،
بىر پويىز كېپ قالدى يىگىتنى قوغلاپ...

يەتكەندە بېكەتكە ياش يىگىت ئەمدى،
پويىزمۇ شۇ يەرگە كېلىپ توختىدى.
ئۇ پولات كارۋاننى چاپتۇرۇپ كەلگەن،
ئۆت يۈرەك بىر جۈپ قىز، قىزىلگۈل ئىدى.

يول يۈرۈپ چارچىغان. چاڭقىغان يىگىت
ئۆنتۈدى ئۆزىنى ئۇلارغا قاراپ،
هاردۇقى چىققاندەك بولدى بىراقلا،
شاتلىقتىن ۋۇجۇدى كەتكەچكە يايراپ.

چۈنكى ئۇ ئۇزۇندىن ئىدى چىن شەيدا
شۇ قوشماق ئېچىلغان گۈلنىڭ بىرىگە.
ئەگىيتتى يېنىدا، ئاچالمايتتى سۆز،
كەتمەيتتى يا ئۈمىت ئۈزۈپ نېرىگە.

ئۆزىنى ۋە قىزنى كۆرەتتى تارتىپ
تارتىنچاق كۆڭۈلنىڭ تارازىسىدا،
دەيتتى ئۇ ”ئاشۇ قىز سالارمۇ نەزەر،
يۈرسەم مەن تىمىسقاپ يول ئارىسىدا؟...“

ئاھ، پويىز كەتمەكچى مانا ھازىرلا،
كەتمەكچى تەلمۈرگەن يىگىتنى تاشلاپ.
كەتمەكچى يىگىتنىڭ ئوتلۇق قەلبىگە
يالقۇنلۇق ئۆرلىگەن سۆيگۈنى باشلاپ...

كېتەي، دەپ يول چارلاپ كەلگەن ياش يىگىت،
قايرىلدى ئىش ئورنى تۆۋەن تەرەپكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە لېكىن سۆيگۈگە تەشنا يۈرىگى
قالغاندەك تۇيۇلدى پويىز تەرەپتە.

كەتكۈسى كەلمىدى، توختىدى يىگىت،
تۇرماقچى بولدى ئۇ قىزلارنى كۈتۈپ.
قەلبىنى ئىگەللەپ ئالغان ياش قىزغا
دېيىدىغان سۆزىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي تۇرۇپلا،
دەل ئاشۇ گۈزەل قىز كۆرۈندى پەستە.
ئەجەپ ئىش، يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ،
قىزغا سۆز قىلالماي، چۈشتى بەك تەسكە.

يىگىتنى كۆرگەندە تۇنجى ئۇچراشقان
بىر كېچە شۇ قىزنىڭ كەلدى ئېسىگە،
شىددەتلىك بوران ۋە يامغۇر ئىچىدە،
خەۋپكە دۇچ كەلگەن زۇلمەتلىك كېچە:

* * *

پويىزنىڭ چىرىغى كۆيگەن بىمەھەل،
پولات چاق سۇ چېچىپ ئاستا يۈرەتتى.

چىلەكلەپ قۇيغاندەك ياغاتتى يامغۇر،
يول بويلاپ كەلگۈن سۇ شاۋقۇن سۈرەتتى.

قىز ئويلاپ: "قىيانلار قىلغانمۇ تەشكەك؟
ئالدىمدا چوڭ كۆۋرۈك قانداقتۇر؟" دەيتتى،
ئەمەسمۇ بۇ پويىز ئەلنىڭ قان-تەرى،
شوپۇرنىڭ مەسۇمە قەلبى كۆيەتتى.

شۇ چاغدا يېقىندىن كۆرۈندى مەشئەل،
قارا تۈن باغرىنى يارغان چولپاندەك.
كۆرۈندى قىز ئۇچۇن بولۇپ بىر قۇياش،
كۆكلۈگە يالقۇنلۇق شولا چاچقاندەك.

قىز مەشئەل ئالدىدا توختىدى ئاستا،
ئۇ يىگىت دەرھاللا چىقتى پويىزغا.
چىقتى-دە، ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىغىنى
ئۇقتۇرماق بولدى ئۇ ۋاقىراپ قىزغا:

"يۈرۈشكە بولمايدۇ! كۆۋرۈك قىرغىقى
ھىلىلا كەلكۈندىن يار ئېلىپ كەتتى.

مەن باشلاپ كېلىمەن سەپداشلىرىمنى،
مەسىلە قىرغاقنى ياساشقا يەتتى...“،

*         *         *

قىز كەلدى، ئويلاشقا قالمىدى ۋاقىت،
قاچىسۇنمۇ ئۇ يىگىت ئۇنىسىز يىراققا.
ياق! يىگىت كۆيەتتى ھىجران ئوتىدا،
شۇ جانان دەردىدە چۈشۈپ پىراققا.

كەلدى قىز، ئېيتىلدى ئاگا يىگىتمۇ،
ئۇچراشتى ئۇلارنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى.
چۈشەندى سۆزسىزلا قەلب سىرىنى
ئېيتىلماي تۇرۇپلا ئىشق سۆزلىرى.

قىز دېدى: ”سىز ئاسراپ يۈرگەن دېتالنى،
چىن دىلدىن سۆيىمەن قەدرىگە يېتىپ.“
يىگىتنىڭ يۈرىكى يايراپ بۆلەكچە،
كۈلەتتى بۇ سۆزنىڭ تەكتىگە يېتىپ...

1982 ـ يىل مارت.

## توختى نەمتۇل

# ئىككى شېئىر

### گۈل يېزام

ئەسسالام، "سەھرايى چۆل" ئالتۇن دىيار،
تەرىپىڭ دىلدا زىكىر، تىلىمغا يار.

سېغىنىپ كەلدىم سېنى، كۆكسۈمدە قول،
قىل قوبۇل ھۆرمىتىڭە ئالەممۇ تار.

سۇلىرىڭ ئابىھايات، ئىپار ھاۋا،
ئۈزلىغىڭ گوياكى بىر جەننەتچە بار.

ئالتۇن رەڭ شولا بەخش ئەتتى زىننەت،
لەئلىدەك چاقنار ھۆسنۈڭ زەپ بىغۇبار.

چېكى يوق ئېتىز-باغلار بەردى نېمەت،
كەلسە گۈل پەسلى يازۇ-كۈز ۋە باھار.

ياپلىغىڭ گويا نەپىس سەرخىل گىلەم،
ياپرايدۇ ئۇندا سانسىز قوي، كالا، نار.

ئەي يېزام سەندە بوگۈن كۆلدى ھايات،
ئۇرغىدى ئەل قەلبىدە زوق-ئىپتىخار.

بۇ يېڭى دەۋرىم ساڭا ياقتى ئەجەپ،
پارتىيەم تېخى يانا كەڭ يول ئاچار.

ئەي يېزام دىلبەر دىيار، بەختكە يار،
سەندە ھەر ئۆسكەن گىيا بولدى ئەفسار(*).

مەڭگۈگە ياندى ئىشقىڭ يۈرىگىمدە،
ئارمىنىم: قىلماق شۇنى نەزمە-ئەشئار...

## يالقۇنتاغ

يالقۇنتاغ، ياتسەن قىزىرىپ چوغدەك،
يۈرتۈمنىڭ قوينىغا قويغانچە سەن باش.
چېچەكلار ھۆل-ھۆللەپ تەپتىڭ ياز بويى،
رەڭ ئالغان شۇنىڭدىن زەردەك تۇپراق-تاش.

(*) ئەفسار — تاج.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەڭرىتاغ ئاستىدا تۇرسەن مەغرۇر،
قامىتىڭ توق زەڭگەر ئاسماننى قۇچار.
قىيالار چوققىلار ئۈستىدە ئويناپ،
بۈركۈتلەر شوخ پەرۋاز ئەيلىشىپ ئۇچار.

مۇبارەك تاڭ ئېتىپ چىققاندا قۇياش،
ھۆرمەتتە ئەڭ بالدۇر ئالىسەن كۆتۈپ.
سەن خالىس ئەلچىسى يۇرتۇمغا تاڭنىڭ،
شۇ قىسمەت جىسمىڭغا قويۇلغان پۈتۈپ.

تەبىئەت دەھشەتى ئۆتتى بېشىڭدىن،
تىغ ئۇرۇپ بوران ۋە جۇدۇنلار گاھى.
ۋۇجۇدۇڭ بولمىدى قىلچە زەخمىناك،
بولغاچ بىر چېكى يوق قۇدرەت پاناھى.

جاھانغا ياڭرىتىپ قىلىمەن خىتاب:
يالقۇنتاغ نىمانچە بۈيۈك خىسلىتىڭ؟!
ماختاش،
دوق،
غەپلەتكە ئېگىلمەس مەڭگۈ،
يالقۇنتاغ، بىلگىن شۇ يۈرىگىم مېنىڭ...

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىبراھىم ئىزاق

# ئىككى شېئىر

## نورۇز ھارپىسىدا

دېدى دىلدارىم نورۇز ھارپىسى:
"خالىساڭ ئەتە سەھەر باققا كىر."
ھەيران بولۇپ مەن، سورىدىم ئۇندىن:
"چىن مۇھەببەتتىن يېشىلەمدۇ سىر؟"

دېدى: "بىلەمسەن ئۇلۇغ ئەجداتلار،
قىش بىلەن كۆرەش قىلغان قان تۆكۈپ.
ئەپسۇس، يوق بۈگۈن ئۇلار ئارىدا،
ئالغان چاغدا بىز باھارنى كۈتۈپ.

شۇڭا گۈلشەنلەر ئارا گۈل ئاللاپ،
تىزىمىز كۆركەم گۈللەردىن دەستە،
قەھرىمانلارنىڭ قەۋرىسىگە بىز
بىللە گۈل قويۇپ كېلىمىز ئەتە."

ئاپىردىن، سىنىڭ ئەقلى ـ پەمىڭگە،
كەلدى بۇ ئىشلار قانداق كۆڭلۈڭگە؟
پاك مۇھەببەتنىڭ بولدى تۆگۈنى
گۈلدەستە تىزىش ئەجدات قەۋرىگە.

1984 ـ يىل ئىيۇن.

## كەچقۇرۇن

تۈس ئالار ھۆسنى يېزامنىڭ رەڭمۇ ـ رەڭلىك كەچقۇرۇن،
جەم بولار گويا ئاڭا جەمئى گۈزەللىك كەچقۇرۇن.

زەر تاۋاق تاغ ئۈستىدە تۇرسا چوغلۇقتەك يېنىپ،
تون كىيەر گويا شەپەق رەڭلىك چىمەنلىك، كەچقۇرۇن.

ئاچقىنىدا شوخ كۈلۈپ ئايقىز گۈزەل رۇخسارىنى،
نەچچە يۇلتۇز ئايلىنىپ، قىلغاي دىدەكىلىك، كەچقۇرۇن،

ئاسمىنى نۇرلۇق، سۇزۇكتۇر خۇددى ئەينەكنىڭ ئۆزى،
كەچكى شەپەق ئالدىدا بولماس تۇتەكلىك كەچقۇرۇن.

كۆكتە يۇلتۇزلار تارالماس كۆزىنى زەپ چىمچىقلىتىپ،
چاچسا بەخت نۇرىنى ئۆيگە رۇجەكلىك كەچقۇرۇن.

www.uyghurkitap.com

ياغرىتىپ مېھنەت كۆيىنى يانسا ئېتىز-دالىسى،
قىز-يىگىتكە سايىۋەن پىنھان تېرەكلىك كەچقۇرۇن.

كېتىدۇ سۆھبەت قىزىپ تاللىق-باراڭلار ئاستىدا،
بەرىكەتلىك داستىخاندا مول يىمەكلىك كەچقۇرۇن.

قېرىلار سۆزلەر ھىكايە بەھوزۇر سىنچاي ئىچىپ،
ئولتۇرۇپ كاڭدا گىلەم ئۈستىدە رەتلىك كەچقۇرۇن.

پەرقى يوق نۇرلۇق يىزامدا كۈندۈز بىلەن تۈن-كېچىنىڭ،
پارلىغاچ بەخت قۇياشى تائەبەتلىك، كەچقۇرۇن.

1984-يىل ئۆكتەبىر.

## قۇربان ياسىن

# جەڭچى قەلبى

### خىش

لىم ئاستىغا قويدى پەم بىلەن
تامچى ئۇستام ئاخىرقى خىشنى.
زىممىسىگە ئالدى شۇندا خىش،
ئېغىر يۈكنى — لىمنى تېرەشنى.

ئۆتتى يىللار، لىملىق شۇ ئۆيدە
نەچچە ئەۋلات سەپكە قوشۇلدى.
نى-نى ئەرباپ چىقىپ ئۇلاردىن،
ئەجرى بىلەن ئەلگە تونۇلدى.

ئۆتتى ئۇلار لىمنىڭ تەكتىگە —
ئەتىمالىم سالماي كۆزىنى.
خىش قىلمىدى ئەجرىگە مىننەت
ھەم كۈتمىدى ماختاش سۆزىنى.

ئەل يۈكسنى مەنمۇ خىش كەبى
ئۆمرۈم بويى كۆتەرسەم دەيمەن.
جەڭچى دېگەن شانلىق نامىنى
تەمەننا سىز ئاقلىسام دەيمەن.

1980 ـ يىل فېۋرال.

## شاپتۇلغا قاراپ

مەي باغلىغان بىر تۈپ شاپتۇلغا
كۆزۈم چۈشتى باغ ئارا يۈرۈپ.
قاچان تىككەن، دېسەم باغۋەندىن،
ئۈچ يىل بولدى، دېدى ئۇ كۈلۈپ.

ئۈچ يىلدىلا بىر يۇمران كۆچەت
دەرەخ بولۇپ سەپكە كىرىپتۇ.
ئەجىر قىلغان ئىگىسىگە ئۇ
شىرىن ـ شەرۋەت مېۋە بېرىپتۇ.

ۋەتەن ــ ئانام مېنى ئوتتۇز يىل
تەربىيىلىدى، قىلدى مۇنچىلىك.
ئەپسۇس، ۋەتەن ئەجرىگە لايىق
مېۋە بەردىم ئەلگە قانچىلىك؟

1980 ـ يىل ئۆكتەبىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باۋۇدۇن نىياز

# بەزىلەر

بەزىلەر ئۆزىنى "قەمەر" دەيدىكەن،
ماختىنىپ "قەلبىم كەڭ شەھەر" دەيدىكەن.
ھۈنىرى تارقاتماق پىتنە ۋە پاسات،
ئۆزىچە بۇنىمۇ "زەپەر" دەيدىكەن.

نام-ئاتاق، ئابرويغا بېرىلىپ شۇنچە،
ئەل بەرگەن مەنسەپتىن كېرىلىپ شۇنچە،
ئىچىگە سىغماستىن يېرىلىپ شۇنچە،
"ھەممىگە بىر ئۆزەم پەدەر" دەيدىكەن.

ئەل ماڭسا يورۇقشكە تىرەجەپ تۇرۇپ،
راھەتنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ،
باشقىلار بەختىگە بەزمىلەر قۇرۇپ،
"باسقىنىم ئۇلۇغۋار سەپەر" دەيدىكەن.

ئاغزىدا ۋاقىراپ "ھەققانىيەت"نى،
ئەمەلدە كۆزلەيدۇ نەپسانىيەتنى،
بەرمەيدۇ قولىدىن ئىمكانىيەتنى،
"ھاياتتا بۇمۇ چوڭ ھۈنەر" دەيدىكەن.

راھەتتە ئالدىدا، جاپادا كېيىن،
جەڭ ـ غەۋغا باشلايدۇ كەتسە بىر تىيىن،
بۇنداقلار بولسىمۇ پارازىت چىۋىن،
ۋە لېكىن "مەن ئەجەپ چىۋەر" دەيدىكەن.

ئالدىدا ماختاركەن قىلىپ خوشامەت،
كەينىدىن ياغدۇرۇپ غەيۋەت ـ شىكايەت،
توغدۇرۇپ كۆڭگە نىزا ـ مالامەت،
"تىلىمدىن ياغدۇ شېكەر" دەيدىكەن.

ئەگەر سەن نەزەرگە ئېلىپ خىزمەتنى،
كۆرسەتسەڭ ئۇنىڭكى ناچار ئىللەتنى،
بىلدۈرسەڭ سەممى، خالىس نىيەتنى،
"مەن كىممەن، قىل مەندىن ھەزەر" دەيدىكەن.

تەكلىۋىم شۇ مېنىڭ: دەۋرىمىزگە باق،
پارتىيە كۆرسەتكەن نىشان بويلاپ ئاق،

ئۆتكەنكى ئىشىڭدىن ئالمساڭ ساۋاق،
بارچە ئەل ”قەدىمىڭ خەتەر“ دەيدىكەن.

1983 ـ يىل ئىيۇل.



نۇردۇن مۇسا

# ئىككى شېئىر

## كۈنلۈك ئاستىدا

ھاۋا تۇتەپ چاقماقلار چېقىپ،
يامغۇر ياغدى كۆكتىن شارقىراپ.
مەن تۇراتتىم كىچىك بىكەتتە،
ئاپتوۋۇزغا تەلمۈرۈپ قاراپ.

بەدەنلىرىم شۇركەندى سوغدا،
چىلىق - چىلىق بولدى ئۈستى - باش.
قۇلىقىمدا يامغۇر ئاۋازى،
ئىچىم تىت - تىت بولۇپ قاتتى باش.

شۇ چاغ بىر قىز كەلدى يېنىمغا
تاشلاپ ئاستا سىپايە قەدەم.
چېھرىسىدە ئىللىق تەبەسسۇم،
ئاھۇ كۆزلۈك، قاشلىرى قەلەم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

"كېلىڭ يولداش، كىرىڭ كۆنلۈككە"
دىدى قىزچاق ھەممەت ياغدۇرۇپ.
كۆتتۇق بىر پەس كۆنلۈك ئاستىدا
ئاپتوۋۇزنى، يانمۇ-يان تۇرۇپ.

سەزدىم شۇ چاغ قەلبىمدە ئىللىق
بىر مېھرنى، دوستلۇق-ئۆملۈكنىڭ.
باھاسىغا يەتتىم شۇندىلا،
ئاشۇ قىزچاق تۇتقان كۆنلۈكنىڭ.

1983 - يىل.

## يۈسۈپ بوۋامغا

— «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەشرگە بېرىلگەنلىگى مۇناسىۋىتى بىلەن.

«قۇتادغۇبىلىك»دىن قۇتلۇق خۇش خەۋەر،
ئاڭلىدىم ھىكمەتتىن، ئەقىلدىن جەۋھەر.
قويۇلغاچ دىلىمغا شاتلىقتىن كەۋسەر،
ئاپىرىن دىدىم مەن يۈسۈپ بوۋامغا!

«بىلىك»دۇر بىر دېڭىز پايانسىز كەتكەن،
ھەم ئۆچمەس بىر يۇلتۇز بىزلەرگە يەتكەن،

www.uyghurkitap.com

خەلقىمىز ئالقىشلاپ باخشىلار ئەتكەن،
ئاپىرىن، ھەشقاللا يۇسۇپ بوۋامغا!

ئۇ ئىلىم-ئىرپانىنىڭ شانلىق دەستۇرى،
ھەقىقەت قامۇسى چاقنايدۇ نۇرى،
خەلقىمىنىڭ ئىپتىخار شانلىق غۇرۇرى،
ئاپىرىن، ھەشقاللا يۇسۇپ بوۋامغا!

بىزگە چىن تەۋەررۇك قالدۇرۇپ كەتكەن،
ئۇسسۇزغا سۇ بېرىپ، مۇراتقا يەتكەن،
مىڭ يىللىق تارىخنى يەكۈنلەپ ئۆتكەن،
ئاپىرىن، ھەشقاللا يۇسۇپ بوۋامغا!

يەتسەڭسەن، ئەي دوستۇم، «بىلىك» قەدرىگە،
ياشايسەن كىرسەڭمۇ ھەتتا قەۋرىگە،
مال-دۇنيا يەتمەيدۇ ئۇنىڭ قەترىگە،
ئاپىرىن، ھەشقاللا يۇسۇپ بوۋامغا!

ئىچىپتۇ ئالىملار ئۇنىڭ سىرىنى،
سۆيۈندۇق ئاڭلاپ بىز مىڭدىن بىرىنى.
كۈيلەيمىز بىر ئۆمۈر مېھنەت تېرىنى؛
ئاپىرىن، ھەشقاللا يۇسۇپ بوۋامغا!

1983 - يىل ئاۋغۇست.

**نىياز مەھمۇت**

# يۇرتۇمغا مۇھەببەت

باھار كەلدى كۆچارىمغا يوقالغاچ قىش-زىمىستانى،
تولۇپ كەتتى نېمەتلەرگە بۇ يۇرتنىڭ باغى-بوستانى.

شۇ باغدا سايرىشار خەندان ئۇرۇپ شوخ كۆيچى بۇلبۇللار،
چېچەك ئاچقاچ ئېپاردەك خۇش پۇراقلار لالە-رەيھانى.

دىيارىم نامى مەشھۇردۇر "بۇلاغى ناخشا-سازنىڭ" دەپ،
بېغىشلار زوق يۈرەكلەرگە ئۇنىڭ كۆي، نەزمە، داستانى.

بۇ يۇرتنىڭ ئوغلى پەرھاتتەك ئىجات-ئەمگەكتە مەردانە،
گۈزەللىكتە گوياكى قىزلىرى شېرىن ۋە رىزۋانى.

ئاتالغان نام ئېلىپ دۆلەت "كۈسەن" دەپ ئۇ زامانلاردا،
ھىساپسىز يادىكارلىق ساقلىغان مىڭ ئۆي ۋە مەۋلانى*.

* مەۋلانى — ئەرشىدىن مەۋلانى، بۇ جاي ئاسارە-ئەتىقىلەرنى قوغداشتىكى نۇقتىلىق ئورۇن.

يىپەك يولى "بۈيۈك كارۋان" مۇشۇ يۇرتنى كېسىپ ئۆتكەن،
ئاڭا خاستۇر "قەدىم شەھەر" دېگەن ئەلنىڭ بۇ ئۇنۋانى.

ھۈنەر ھەم سەنئەتنى پۈتكۈل جاھاننى مەھلىيا قىلغاچ،
كېلىپ دوست، خوشنا ئەللەردىن قىلار بۇ يۇرتنى سەيلانى.

ئازادە ئۆيلىرى كەڭ، ئاسفالىتلىق يوللىرى توپ-تۈز،
ياسانغان خۇددى تاۋۇستەك بۇ يۇرتنىڭ قوينى، ھەر يانى.

ئەجەپمۇ توقچىلىق بۇ يۇرت، باياشاتلىق بازارى بار،
دىلى ساپ، شۇنچە مېھماندوست، سېخىدۇر ئىشچى-دېخانى.

نىنى ئاپپاق، ئەجەپ تەملىك، قېتىق قايماقلىرى ئاندىن،
ئۈرۈك ھەم ئەنجۈرى داڭلىق، بېغىدۇر مېۋىنىڭ كانى.

خېرىدارىدۇر بۇ يۇرتنىڭ كۆپىسىگە كەڭ جاھان-ئالەم،
چىقار بۇندىن ئەنە شۇ كۆپىنىڭ سەر خىلى، دۇردانى.

گويا كىمخاپ كەبى يايلاقلىرى مال چارۋىغا تولغان،
كۆپەيمەكتە كالا، ئاتلار، نەسىللىك قوي ۋە پاخلانى.

ئېدىر ھەم تاغلىرى پۈتكۈل ئىسىل مەدەن بىلەن تولغان،
قېزىپ تاغنى ئالۇر ئالتۇن چېلىشچان قىز ۋە ئوغلانى.

يېزامدا قاينىدى بۈگۈن ئۇتۇقلار شەنىگە چوڭ توي،
تولۇپ كەتتى دېخان ئەجرى بىلەن ئاشلىققا خامانى.

بۇرۇنقى قول ھۈنەر ئەمدى ئۆزىنىڭ قەدرىنى تاپتى،
ياراتتى مۆجىزە-تۆھپە مانا كەلگەچكە ئىمكانى.

تېگىنى يەتتە قات يەرنىڭ تېشىپ ئۆتكەچ پولات بۇرغا،
ئېتىلدى ئۆشكىلىكتىن ماي-نېفىتنىڭ قانچە فونتانى.

ئاقار زەمزەملىرى ھەيۋەت تولۇپ ئۆستەڭ-ئېرىقلارغا،
يۈگەنلەندى ئۆگەن دەريا، ياسالدى توسما-توغانى.

ئېلېكتىر نۇرلىرى چاقناپ يورۇتتى تۈننى كۈندۈزدەك،
جامالىدىن خىجىلدۇر ئاي-گۈزەللىك شاھى-سۇلتانى.

تولۇپتۇ قوينى مەكتەپنىڭ بەختلىك ياش-بوغۇنلارغا،
تېپىپ ھېكمەت ئىلىم-پەندىن ئۇلارنىڭ قەلبى نۇرانى.

زەپەر ئاسماندا بۇ يۇرت قىلىپ پەرۋاز قانات قاقسا،
نىيازى كۈيلىمەس نېچۈن بولۇپ بۇلبۇل-غەزەلخانى.

1982-يىل دېكابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇراپ ھەسەن

## باھار ئىلھاملىرى

مەيسىن شامال، ياقۇت شەپەق،
قۇياش ئالتۇن ئوق ئۈزەر؛
ئۆستەڭدە سۇ، تۈزلەڭدىچۇ،
ناخشا، ئەمگەك، زوق ئۈزەر.

يەرلەر بوشاپ ئۆپكىدىگەن،
قۇرۇت ـ قوڭغۇز ئۆملەر؛
تال تىرەكلەر پوتلا تاشلاپ،
يوپيۇرماقنا كۆمۈلەر.

*　　　*　　　*

دىخان ئاكام كىچە قوپۇپ،
قوشنى سالدى بوزغا خوش،
باقار تويماي ئۇرۇق چۇشكەن
كەڭرى دالا ـ تۈزگە خوش.

ھەپتە ئۆتمەي بىخلىنىدۇ
تەرگەن كېۋەز، قونافلار.
تارىلىدۇ ئېكىنزاردىن
خۇش بۇي ئەتىر پۇراقلار.

دېخان ئاكام شۇنچە خوشال،
شۇنچە جەسۇر شۇ تاپتا.
بىلەكلىرى تاۋلىنىدۇ
مېھنەت بىلەن ئاپتاپتا.

شۇنچە غەيرەت نەدىن كەلدى،
نەدىن كەلدى، بىلەمسەن؟!
پارتىيىمىز تۈزگەن توغرا
سىياسەتتىن، دېمەمسەن...

شۇڭا ئازات بۇ ئېلىمگە
باھار يەنە خوش كەلدى.
مەنمۇ يازدىم ناخشا ـ قوشاق،
ئىلھام قۇشۇم قوش كەلدى.

1983 ـ يىل ماي.

## ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن

# ئىككى شېئىر

### تاڭ سەھەر

تارقىدى ئاسماندا يۇلتۇز، مۆكتى نەلەرگە تاراپ،
سەپكىلى ئوت نۇرىنى چىقتى قۇياشمۇ پارقىراپ.

كەڭ دالا — بوستان-چىمەنلەر تاقتى مارجان-ئۈنچىلەر،
گۈل يېزامنىڭ ھۆسنىگە مەن زوقلىنىپ قالدىم قاراپ.

تاۋلىنار ھۆسنى يېزامنىڭ خۇددى خان ئەتلەس بولۇپ،
بۇ گۈزەللىكتىن دىلىم مەس بولدى ئىچكەندەك شاراپ.

ياڭرىدى شۇ ئاندا جۇشقۇنلۇق ھاياتنىڭ ناخشىسى،
چېكىلەردىن تەرلىرىم ئاقتى سەدەپتەك يالتىراپ.

### ئايدىڭ كېچە

ئايدىڭ كېچە — ئاق كېچە،
بۈگۈن سۈرئەت باشقىچە.

ئىشلىدۇق جانان بىلەن،
سۆزۈلۈپ تاڭ ئاتقىچە.

ئوخشىغان بۇغداي، قوناق،
يەلپۈتەر مەيىن شامال.
مەن ئورۇمەن ئومىنى،
باغنى باغلار ئايجامال.

ناخشىمىزغا جۆر بولۇپ،
سايرار تورغاي توختىماي.
چىراق بولۇپ بىز ئۈچۈن،
كۆلەر كۆكتە تولۇن ئاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئېلى زايىت

# يۇرتۇم

توپ ـ توپ بولۇپ ئۈزەر كۆكتە رەڭدار بۇلۇت،
ئاستىدىكى مەنزىرىگە زوقمەن بولۇپ،
كۆكنى تىرەپ تۇرار تاغلار ھەيۋەت بىلەن،
جىلغىلىرى تۇرلۇك ـ تۇمەن گۈلگە تولۇپ.

شۇ تاغلارنىڭ باشلىرىدا ئاق سەللىسى،
ئېچىلدۇ بىرىپ زىننەت قار لەيلىسى.
ئورمانلىرى خۇددى يېشىل سىپىل ـ قورغان،
كۆكتىن ئاقا باقار تۇندە ئاي پەرىسى.

خۇددى ھۆرمەت قاراۋۇلى قارىغايلىرى،
كەڭ يايلاقنا ياڭرار چوپان ئاي ـ ھايلىرى.
تىك قىيادا تۇرسا پوستا قىران بۇركۇت،
كۆكتە پەرۋاز قىلىپ سايرار تورغايلىرى.

تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ ئوينار تاغ سۇلىرى،
شىلدىرلىشى ئەينى نازلىق مەشۇق سۆزى.
سۇزۇكلۇكتە يوق تەڭدىشى، خۇددى زۇمرەت،
ئىچسەڭ گويا تېمىپ تۇرغان بالنىڭ ئۆزى.

دەريا بولۇپ چايقىلىدۇ قوي، يىلقىلار،
بۇغا، ئارقار ماكانى بۇ ساي ـ جىلغىلار.
جىرا بويلاپ ماڭساڭ ئەگەر مىنىپ تۇلپار،
سىلاپ سېنى سالاملىشار تېۋىلغىلار.

ھەممە خەقنىڭ قىمىز، قېتىق، قايمىقى بار،
مولچىلىققا پاتقان ئاۋۇل ـ ئايمىقى بار.
كىمكى كەلسە غېرىبسىنماس، ئۆز ئۆيىدەك،
مېھمانلارغا كەڭ ئېچىلىق داستىنى بار.

ئاشۇ تاغلار ئاستى تۈزلەڭ ئالتۇن دىيار،
ئۆتەر ئۇندا ھايات ھەر دەم شات ـ بەختىيار.
”قۇمۇل“ دىگەن قۇتلۇق نامى ئەلگە مەشھۇر،
خەلقى ئىشچان، قەلبى گۈزەل، پاك ـ بىغۇبار.

1983 ـ يىل ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سىيتىنسا لوقمان

# ئىككى مۇخەممەس

## سەندىدۇر

ئەي ئەزىز خەلقىم مېنىڭ ئىقبالۇ ـ بەختىم سەندىدۇر،
ھۆرمىتىم، ئىشقىم ـ ئەقىدەم، تاجۇ ـ تەختىم سەندىدۇر،
سەن تېنىمدە جانۇ ـ قان، ھەر جايدا قەلبىم سەندىدۇر،
چىن ھەقىقەت ھەم پەزىلەت سۆيگۈ ـ پەخرىم سەندىدۇر،
كۆز نۇرۇم، دىل جەۋھىرىم، ئىدراك ۋە ئەقلىم سەندىدۇر.

تىنمايىن كۈيلەپ سېنى دىلدىن ناۋا ئەيلەي دىدىم،
تەر تۆكۈپ بوز تۇپرىغىڭغا گۈل بىلەن پۈركەي دىدىم،
تاشلىرىنى سۈرمە ئەيلەپ كۆزىمە سۈرتەي دىدىم،
ساڭا قەست قىلغان رەقىپىڭ بېشىنى چەيلەي دىدىم،
بىھىساپ مەرتىلىككە تولغان زاتۇ ـ نەسلىم سەندىدۇر.

ئورنىغاچ قەلبىمگە مېھرىڭ، سەندىن ئۈمىت ئۈزمەس كۆڭۈل،
بىر سېنىڭ ئىشقىڭدا يانماي نەزمىلەر تۈزمەس كۆڭۈل.

بىر سىنى سۆيدۈم دىگەن چىن ئەھدىنى بۇزماس كۆڭۈل،
بارلىغىم سەنچۈن تەسەددۇق، يولىدىن ئازماس كۆڭۈل،
باغلىدىم ئۇتلۇق مۇھەببەت، چۈنكى مىھرىم سەندىدۇر.

سەن ئەقلىنىڭ كۆكىدە بولغاچ قۇياش، چولپانۇ-ئاي،
چىقتى سەندىن قانچىلاپ ئالىم، ئەدىپ ھىكمەتكە باي،
غەيرىتىڭ، ئەجرىڭ بىلەن بولغاچقا بوستان دەشتۇ-ساي،
پەھلىۋانلىق خىسلىتىڭ دىللاردا چوڭقۇر ئالدى جاي،
قەددى شەمشات جەڭگىۋار مەردانە ئەسلىم سەندىدۇر.

"جان دىلىدىن خەلقچۈن غەم يىمىگەن ئادەم ئەمەس"،
دەپتىكەن ناۋايى ھەم "ئەل سۆيمىگەن ئادەم ئەمەس."
قەدرى-قىممەتلىك ئېلىنى بىلمىگەن ئادەم ئەمەس،
ھەم ئۇنىڭ ئىقبالىچۈن نەپ بەرمىگەن ئادەم ئەمەس،
تەقدىرىم بىر سەن بىلەن، شۇڭلاشقا قەدرىم سەندىدۇر.

ئارزۇيۇم شۇدۇر مېنىڭ ئۆتسەم ساڭا سىرداش بولۇپ،
سەن چىراق، پەرۋانىمەن، ئۆتسەم يەنە دىلداش بولۇپ،
سەن بىلەن سوقسا يۈرەك دەيمەن ئەبەت قانداش بولۇپ
بولمىسام سەندىن جۇدا يۈرسەم ھامان يولداش بولۇپ،
گۈللىگەي ئۆمرۈم باھارى، مەڭگۈ پەخرىم سەندىدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئىچ ـ ئىچىمدىن شاتلىنارمەن زوقلىنىپ خەلقىم دىسەم،
سەن ئۈچۈن بىر جان ئەمەس مىڭ جانىمۇ تەقدىم دىسەم،
ساڭا چىن بولماق ۋاپادار شەرىپىم، قەرزىم دىسەم،
سەن ئۈچۈن چەكسەم رىيازەت، بۇ مېنىڭ بەختىم دىسەم،
سەن ئانامدەك غەمگۇزار بولغاچقا ئىشقىم سەندىدۇر.

ئۈمىدىم: پەسلى باھارىڭ گۈللىنىپ تاپقاي كامال،
شۇ باھاردا نۇرلىنىپ ئاچقاي چىرايىڭ گۈل جامال،
گەر رەقىپ چىقسا يەنە قوزغاپ قويۇن ـ تەتۈر شامال،
بولغۇسى يەر بىرلا يەكسان، قان يۇتۇپ تاپقاي زاۋال،
گۈللىگەن مەڭگۈ ھامان، پارلاق ئۈمىدىم سەندىدۇر.

## ئۆزەڭسەن

دىلىمدۇ، گۈل خۇمارى، گۈلدىن نىشان ئۆزەڭسەن،
جېنىمنىڭ تىل تۇمارى، نۇرغا ماكان ئۆزەڭسەن،
يۈرىگىمنىڭ مادارى، تەنگە دەرمان ئۆزەڭسەن،
ھاياتىمنىڭ باھارى، تومۇردا قان ئۆزەڭسەن،
شۇدۇر كۆڭۈل ئىزھارى، بىرلا جانان ئۆزەڭسەن.

باھار كۈلسە چىمەندە، لالە چېھرىن ئاچامدۇ؟
بۇلبۇل ئېلىپ گۈلشەنگە گۈلنى كۆيگە قاتامدۇ؟

ۋاپا ئەھلى ھەر دەمدە شىرىن ۋىسال تاپامدۇ؟
ئىشقىڭدا چىن كۆيگەندە دىل ئارزۇغا قانامدۇ؟
سەن قەلبىمنىڭ يۇلتۇزى، ئەزىز غەمخان ئۆزەڭسەن.

تاپالماسمەن سەندەكنى، كەزسەممۇ گەر جاھاننى،
كۇلمەس كۆڭۈل كۆرسىمۇ ئۆزگە ماھى تاباننى،
ئىزىڭ باردۇر گۈل چەككەن كۆرسەمـمۇ گەر قايانـنى،
سەندىن ئىلىپ كۈچ پەۋەس، يۆتكەرمەن تاغ-داۋاننى،
ۋۇجۇدۇمنىڭ قارارى، بارچە ئىمكان ئۆزەڭسەن.

بىپسىپ مىنى باغرىڭغا بەخش ئەتكەچ ھۆر ھايات،
ئۇچتۇم ئىقبال كۆكىدە، بەرگەچ سۇنماس گاڭ قانات،
سۆيۇنگەچ مەن سەن بىلەن ئۆمۈر بويى كۆڭلۈم شات،
يەتتىم بۇگۈن مۇراتقا، قەلبىم بىغى بوپ ئاۋات،
بەختىمنىڭ ئىپتىخارى، چىن مىھرىۋان ئۆزەڭسەن.

ئاقئاي كۆزۈم قارىسى، سەندىن ئۆزگە يار تۇتسام،
بولغۇم ئۆزەم خارۇ-زار، تاشلاپ سىنى ئۇنتۇسام،
ساڭا بولغان ساداقەت، سۆيگۈ ئەھدىمنى بۇزسام،
لەنەت ئوقار ئەل ماڭا، شەنىڭگە داغ قوندۇرسام،
تۇرماسمەن ئەل قاتارى، مىھرى گۈلخان ئۆزەڭسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىلگى ئادرېسى

بولغاچقا مەن مەھلىيا تولۇن ئايدەك يۈزۈڭگە،
جان تەسەددۇق ئەيلىدىم بالدەك شېرىن سۆزۈڭگە،
چېچەكلىدى مۇرادىم، باقسام ئوتلۇق كۆزۈڭگە،
شۇڭا سېنى شاھ قىلدىم، مەڭگۈ كۆڭۈل ئۆيۈمگە،
ئۆمرۈمنىڭ غەمگۈزارى ئارامجان ئۆزەڭسەن.

يادلاپ يارىڭنى نامىڭنى تىنماي شامۇ ـ سەھەردە،
ئۈمىدىڭنى ئاقلاشچۈن ئاتلاندىم مەن سەپەرگە،
راھەت ماڭا يولۇڭدا كەلسەممۇ دۇچ خەتەرگە،
تىلىگىمدۇر پۈركىسەم ھۆسنۈڭنى شان ـ زەپەرگە،
ۋەتىنىم ئەي گۈليارىم، چىن جانىجان ئۆزەڭسەن.

1984 ـ يىل ئاپرېل.



**مۇھەممەت ئەيسا قۇربان**

# كېرىيە دەرياسى

مۇھەببەت ئەلچىسى ئېپكەلدى مېنى،
يىراقتىن، ئەي دەريا، بويۇڭغا سېنىڭ.
ئېپكەلدى چاڭلداپ بۇلبۇل سايرىغان
باراقسان لالىزار قوينۇڭغا سېنىڭ.

كۆكسۈمنى ياقتىمەن دولقۇنلىرىڭغا
بېلىقتەك بەھوزۇر ئويناپ چۆمۈلۈپ.
تېنىمگە كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ھوزۇر ئالدىم،
ساھىلىڭ سەيناسى قۇمغا كۆمۈلۈپ.

ھۆرمەتتە ئولتۇرۇپ سۈرتتۈم كۆزۈمگە
زەلىلى* دەسسىگەن تاشلىرىڭنى مەن.
ئايلاندىم مەرھۇمدەك غەزەللەر توقۇپ،
كۆپىدەك قومۇشلۇق قاشلىرىڭغا مەن.

---

* زەلىلى — ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەت سىدىق زەلىلى.

www.uyghurkitap.com

تىڭشىدىم شىۋىرلاپ ئاققان سۈيىڭدىن
ئۇنىڭ غەم-قايغۇغا تولغان كۈيىنى.
ۋە كۆردۈم شائىرنى مەھلىيا قىلغان
قارلۇقلۇق قەلەمقاش جۇۋان بويىنى.

ئەي دەريا! ئىلھامىم تاشتى سۈيىڭدەك،
ئەجدادىم بويۇڭدا باسقان قەدەمدىن.
زەلىلى ئىزىنى بېسىپ مەن بۈگۈن،
شېئىرىمنى دۇر قىلىپ تۆكەي قەلەمدىن.

* * *

ئۆركىشىپ كەكلىكلەر ئۇچار چوققىغا،
قارلىق تاغ ئىچىدە كۆتەرسەڭ شاۋقۇن.
سۈپ-سۈزۈك سۇلىرىڭ يۇيار قاشتېشى،
قايىنىمىڭ غەلۋىرى تاسقايدۇ ئالتۇن.

ئاچىدۇ ھاڭلارنى تاغلار كۆكسىدىن
قاتمۇ-قات دولقۇنلاپ ئۆركىشلىك سېنىڭ.
كۆلدۈرەر چاڭقىغان خادا تاشلارنى
بۇژغۇنلار چاچرىتىپ ئۆرلىشلىك سېنىڭ.

كېلىسەن بەختىڭدىن ناخشىلار توۋلاپ،
يارىلار يولۇڭدا جىلغا، كېچىكلەر.

تەۋرەنمەس دامبىدىن باغلايدۇ پەردە،
يۈرەكنىڭ تومۇرىدەك سانسىز ئېچىقلار.

ئېقىمىنىڭ زىنىنتى شارقىراتمىلار
تۇغىدۇ ھەر كەچتە مىڭلىغان چولپان.
بويۇڭدا قاينايدۇ جەڭگىۋار ھايات،
نۇر بىلەن سۆيۈشەر زىمىن ۋە ئاسمان.

ئۇخلىماس گۈكىرەپ سېخلار، زاۋۇتلار،
سۇۋاركا نۇرلىرى چاقنىتار كۆزنى.
تىراكتور، سيالكا چىقار رېمونتتىن،
ئېتىزدا خۇش قىلار مەرت يىگىت-قىزنى.

* * *

بارىسەن سوزۇلۇپ كۈمۈش لېنتىدەك،
چۆللەرنى ئېكىنزار كەنتكە ئۇلاپ.
توقايلار ئەگىشىپ قىلدۇرار سەيلە،
كۆك سۆيگەن بۈكلۈكلەر قوينىغا سولاپ.

سۆيۈشەر كۈلۈشۈپ توغراق شاخلىرى،
گۈل ئاچار رەڭمۇ-رەڭ يۇلغۇن، يانتاقلار.
چىچەكلەر بەس-بەستە ياۋا جىگدىلەر،
زىمىنغا ئېپاردەك چېچىپ پۇراقلار.

قاتمۇ-قات ياپراقلار ياپ-يېشىل كۆنلۈك،
قوي-قوشكە سالقىنداپ ئالدۇ ھوزۇر.
سېمىزلىك ئېتىدىن تېشىپ قوشقارلار
جاڭمىلداپ سوقۇشۇپ كۆرسىتەر كوزۇر.

ئوماچتەك پىلىقلاپ قاينايدۇ شورپا،
زامانىنىڭ ئەزىزى قويچى ئۆيىدە.
ئاقىدۇ دەۋرگە ئوتلۇق مۇھەببەت،
ئاخشىمى قايىنغان مەشرەپ كۆيىدە.

* * *

ئېقىمىڭ ئۈزۈلمەي خۇددى تارىمدەك،
شوخلىنىپ ئاقسەن كېرىيە دەرياسى.
سېنىڭسىز ياشرىپ ئاچالماس چىچەك،
يۇرتۇمنىڭ باغلىرى، ھەر تۈپ گىياسى.

سېنىڭسىز بولمايدۇ ھوسۇل تويلىرى،
سېنىڭسىز قوزغالماس دىللاردا ئىلھام.
سېنىڭسىز پىشمايدۇ قومباغ سەيۋىسى،
ۋە يىغماس ئويتوغراق شاپتۇلى قىيام.

بەختىيار زاماندىن چاڭگىياڭغا ئوخشاش —
ئالدىڭسەن بويۇڭغا يېڭى تۈس بۈگۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

"تۆتلىشىش" يولىدا قوشتۇق زور تۆھپە،
قوزغاتتىڭ دىللاردا يېڭى ھەس بۈگۈن.

ئەقىدەم كەتمىنى بىلەن تەر تۆكەي،
ئەي دەريا، چىمەنلىك بويۇڭغا سېنىڭ.
شېئىرىمدىن گۈلدەستە سۇناي ھۆرمەتتە،
كۆزدىكى ھوسۇللۇق تويۇڭغا سېنىڭ.

1983 ـ يىل ئۆكتەبىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت نىيازى

# ئىككى شېئىر

## ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھرى

چۆنەكلەر بويلاپ ئۈزۈم بارىكى
سوزۇلغان يېشىل كىمخاپتەك كۆركەم.
ئاقار تاشقىنلاپ ئۈزۈم شەربىتى،
كەتمەس يىل بويى تىلدىن شېرىن تەم.

تۇرپان ئۈزۈمى ــ تاتلىقلار شاھى،
ئالەمگە مەشھۇر ئۇنىڭ شۆھرىتى.
ئۈزۈمدىن شېرىن ھامان بىز ئۈچۈن،
ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى.

## ئارزۇ

كېيگەندە دالا چىمەندىن لىباس،
رەڭدار گۈل ـ چېچەك ئېچىلار چاقناپ.

ھەسەل ئىشقىدا ئىشچان ھەرىلەر
قاقىدۇ قانات چىمەنگە قاراپ.

كەلدى باھارىم يايرىتىپ دىلنى،
مەنمۇ شۇ ھەسەل ھەرىسى بولاي.
پەندە ئېچىلغان چېچەكنى سۆيۈپ،
خەلقىمگە ئەجرىم بالىنى تۇتاي.

1982 ـ يىل ئاپرېل.



ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

## زاھىر ئابدۇراخمان

# مەشرەپ ھەققىدە مۇخەممەس

ئايا دوستلار، دىلىم يايراپ ئەجەپ كۆيگە خۇمار بولدۇم،
نە كۆي، سەنئەت بېغى ئىچرە ئىشقتىن بىقارار بولدۇم،
بولۇپ شۇ باغدا بۇلبۇل، گۈل لېۋىگە لەۋ ياقار بولدۇم،
نە گۈلكى، بىر گۈزەل جانان ۋىسالىنى قۇچار بولدۇم،
ناۋا ئەيلەپ ئۇنىڭ شەنى ئۈچۈن كۆيلەر قاتار بولدۇم.

تۇغۇلغاندا پېقىر سەنئەت قىيامىدىن ئىغىزلانغان،
ئانام سۈتى بىلەن سىڭگەن تېنىمگە ھەم بولۇپ ئۇ قان،
بۇ ياشلىق پەسلىدە ئىشقى دىلىمدا ئوت بولۇپ يانغان.
شۇڭا دىل رىشتى مەشرەپتە راۋاپ، قالۇنغا باغلانغان،
بەجايىكى يۈرەك رىشتىم بىلەن قالۇنغا تار بولدۇم.

ئاشۇ مەشرەپنى ئۇيغۇرنىڭ بۈيۈك سەنئەت ئاناسى دەپ،
ئۇرۇق-ئەجدادىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسى دەپ،
مىراسلار ئىچرە قىممەتلىك، كۆڭۈلنىڭ دىلرەباسى دەپ،

سەير ئەتتىم بۈيۈك سەنئەت بېغىنى، ئويسىدىم مەشرەپ،
نە مەشرەپ، بەلكى سەنئەتنىڭ كۆكىدە شوخ ئۇچار بولدۇم.

دولان قالۇنىغا تەڭكەش قىلىپ چالسام راۋاپنى گەر،
ساتارىم ئەۋجى دىللارغا تۆكەر گويا شېرىن كەۋسەر،
نە ھاجەت ئۆزگە مەشرەپ دەر ئۇنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەر،
ھوزۇرىدىن بولۇپ خۇش كەيىپ ئىسىدىن بەلكى كەتكەيلەر،
بۇ مەشرەپ زەۋقىدىن مەنمۇ ئاڭا دىلكەش-خۇمار بولدۇم.

كى چالسام "سىم باياۋان" ياكى "ئۆزھال"دىن مۇقام باشلاپ،
مۇڭىدىن ئەھلى مەشرەپنىڭ دىلى سۇ ئىچىدۇ ياشناپ.
مۇقام زەۋقى بىلەن خەلقىم مۇشەققەت تېغىنى ئاتلاپ،
كېلەر مەنزىل تامان ھارماي، دېسەم ھەرگىز ئەمەستۇر لاپ،
شۇ ۋەجىدىن مەن كى ھەم پەرھات كەبى تاغلار قازار بولدۇم.

ئەگەردە مەن چېكىپ داپنى قىلىپ بەزمە "جۇلا" بىرلە،
ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزسەم "مۇشاۋىرەك"، "دۇگا" بىرلە،
ئۇسۇل جەۋلانىغا يەتكەي "سېرىلما" يا "ساما" بىرلە،
ۋە ھەتتا جۇر بولار تارىم ۋە باغراش شوخ ناۋا بىرلە،
شۇبۇ مەيدانغا زار ئىردىم، مۇرات ھاسىل قىلار بولدۇم.

www.uyghurkitap.com

كى مەشرەپ سازلىرىدىن ھەر زامان ياڭرايدۇ شوخ مەرغۇل،
بولۇپ مەپتۇن ئاڭا ھەتتا قونار ساز دەستىگە بۇلبۇل،
جاھان شۆھرەت بازارىدا كۆرۈپ نامىمنى ئەل مەقبۇل،
باقار بۇ يۇرتقا ھەيرەتتە، جەلپ ئەتكەچ تۇمەن خىل گۇل،
جاھان سەيناسىدا داڭقىم، ساڭا چىن بەختىيار بولدۇم.

نىزارى، لۇتفى، سەككاكى گويا بۇ يۇرتتا ياشنايدۇ،
ناۋايىمۇ چىلىپ تەمبۇر گۈزەل كۈي ـ نەزمە باشلايدۇ،
كى مەشرەپ ئۇتى خەلقىمنىڭ دىلىدىن مەڭگۇ ئۆچمەيدۇ،
خەلق ئوبدان ـ ئىسىل مەشرەپلىرىدىن زادى كەچمەيدۇ،
بۇنى تارىخ بېتىگە ئۆز پېتىچە ھەم يازار بولدۇم.

1982 ـ يىل فېۋرال.



## زۇنۇن رەھىم

# شېئىرلار

### ۋىجدان

ساپ ۋىجدان ئۆمۈرگە ياراشقان بىر گۈل،
مىسالى تاغدىكى قار لەيلىسىدەك.
قىشمۇ ـ ياز كۆكلىرۈپ، ئاچار گۈل غۇنچە،
بەرگەندەك ئۆمۈرلۈك باھاردىن دېرەك.

كىشىدە بولمىسا ساپ ۋىجدان ئەگەر،
قالمامدۇ ئۇ بولۇپ مېغىزسىز شاكال.
قىممىتى بولمىغان ئۇنداق شاكالنى،
قەغەزدەك ئۇچۇرۇپ كەتمەمدۇ شامال؟!

سىنىلار ساپ ۋىجدان بوران ـ چاپقۇندا،
سىنىلار ھەق بىلەن ناھەق ئالدىدا.
ئادىللىق، ھەققەت ھەمرادۇر ئاڭا،
ۋە ياتتۇر شەخسىيەت، غەيرى مۇددىئا.

ۋىجداننىڭ ئىقىمى بىر ئەزىم دەريا،
ئۇ ئاقار ئۇلۇغۋار يۈكسەك نىشانغا.
مەنسۇپتۇر شەرەپ ـ شان ۋىجدان ئەھلىگە،
ئادەمنىڭ قىممىتى ۋىجداندا گويا.

ئۆتسىمۇ مىڭ يىللار، پارقىرار ئالتۇن،
ئۆزىنىڭ جىلۋىسى، ساپلىقى بىلەن.
ۋىجدانمۇ ئالتۇندەك پارقىرار ئەبەت،
ئەڭ يۈكسەك قىممىتى، پاكلىقى بىلەن.

شۇڭلاشقا مەنمۇ بىر ۋىجدانلىق يىگىت،
بولۇشقا بېلىمنى باغلىدىم مەھكەم.
ۋۇجۇدۇم كۆچ ـ قۇۋۋەت تاپار ئۇنىڭدىن،
ئىرادەم تاۋلىنىپ شۇنچە مۇستەھكەم.

## ۋاقىت ۋە ئۆمۈر

ۋاقىتتۇر ئۆمۈرگە مىزان ـ تارازا،
ئالتۇندىن ئۈستۈنرەك ئۇنىڭ قىممىتى.
ھاياتلىق پارۋازى ئىجات ۋە مېھنەت ــ
ئۆمۈرنىڭ ئەڭ ئىسىل كۆركەم زىننىتى.

سەن ئەگەر ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتمەي،
ئۆتكۈزسەڭ ئۆمرىڭنى بىكارغا بوشقا؛
ئالالماي ھاياتتىن نېسىۋە تولۇق،
سەن ئوخشاپ قالىسەن قاناتسىز قۇشقا.

گۈل-گىيا ئەسلىدە زېمىنغا زىننەت،
ئۇ گويا زېمىننىڭ قاشلىق ئۈسىمىسى.
ۋاقىتتۇر ئۆمۈرنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى،
ئالتۇنغا باراۋەر ھەر دەقىقىسى.

كىم ئەگەر ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتسە،
تولىدۇ ئۇتۇققا ئۆمۈر دەپتىرى.
قەدىرلە، ھەر مىنۇت ۋاقىتنى دوستۇم،
ۋاقىتتۇر ئۆمۈرنىڭ بىر ئەگكۈشتىرى.

## قارىغاينىڭ جاۋاۋى

نېمىشقا قىشمۇ-ياز تۇرىسەن كۆكلەپ،
ياپ-يېشىل باراقسان بولۇپ چوققىدا؟
شاخلىرىڭ چىدامىلىق شامال-بورانغا،
بەرداشلىق بېرىسەن جۇدۇن-چاپقۇنغا؟

www.uyghurkitap.com

سورىسام قارىغايدىن، بەردى ئۇ جاۋاب:
"يىلتىزىم تۇتاشتۇر ئانا تۇپراققا؛
بىرىدۇ شۇ تۇپراق ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت
شۇڭلاشقا مەن زىننەت بىرىمەن تاققا."

## ھەسەل ۋە ھەرە

بىر كۈنى ماختىنىپ ھەسەل ئۆزىچە،
كۆرەڭلەپ سۆزلەپتۇ تەمەننا قىلىپ.
توتىيا ھىساپلاپ ئۆزىنى گويا،
تەڭ قىلماي باشقىغا، ئەتىۋار بىلىپ:

— تاتلىقلار ئىچىدە مەرتىۋەم مىنىڭ
ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، باھايىم قىممەت.
كىشىلەر شۇنچىلىك قەدىرلەر مىنى،
ئۆتمەيدۇ مىنىڭسىز توي ۋە زىياپەت.

بۇ سۆزدىن كۈلۈپتۇ ھەسەل ھەرىسى
ۋە دەپتۇ: — ماختانما، ئىيتىپ يالغانىنى.
مەن بولغاچ، سەن بولدۇڭ ئاتالدىڭ ھەسەل.
سۇ ئىچسەڭ ئۇنتۇما قۇدۇق قازغاننى.

يىغمىسام مەن ئەگەر گۈللەردىن شىرنە،
ئېيتىپ باق، سەن قانداق بولاتتىڭ ھاسىل؟!
بىلىپ قوي، سەن ئەسلى ئەجرى-مېھنەتنىڭ
مېۋىسى بولغاچقا، سانالدىڭ ئىسىل.

## زىننەت

زىننەتنىڭ جۇلالىق خىللىرى تولا،
ئۆزىگە ھەر كىمنى قىلىدۇ مەپتۇن.
ھەممىدىن ئەلادۇر قەلب زىننىتى،
ئۇ گويا نۇر چېچىپ تۇرغان زەر-ئالتۇن.

شۇڭلاشقا يۈزۈڭگە بەرگەن پەدازدىن،
قەلبىڭگە ھەل بەرگەن زىننەت ياخشىراق.
قەلبىڭدە ئېچىلسا خىسلەت گۈللىرى،
چاچىدۇ زېمىنغا مەڭگۈ خۇش پۇراق.

1984 - يىل ئاپرېل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## سدىق قاۋۇز

# باغى ئېرەم

بوۋىلار دائىم چۆچەك توقۇيدىكەن،
ئالەمگە "باغى ئېرەم"نى ئۈلگە قىلىپ.
گۈزەللىك تەرىپىنى ئوقۇيدىكەن
ئەقلىمدا ئۇنى نادىر جەننەت بىلىپ.

كۆر، دوستلار، مانا ئۇندىن ھەسسىلەپ ئۆز
ھەقىقى "ئېرەم بېغى" بۇ يەردىدۇر.
بىلسەڭ، ھەر نەرسىنىڭ گۈزەللىگى
ماڭلايدىن تامچىپ ئاققان ساپ تەردىدۇر.

ئوت يۈرەك ئىشچانلارنىڭ ھىممىتىدىن
يارالدى بىزدە كۆرمىڭ "ئېرەم بېغى"؛
ئۇندىكى گۈزەللىككە ئەقىل ھەيران،
تۆت پەسىل كەتمەس خۇش ۋاق باھار چېغى.

شۇ قەدەر كۆپكى ئۇندا مېۋە خىلى،
تېپىلار نىمە دېسەك شۇ "ئېرەم"دىن،
ئەقلىنىڭ كۆزى ئەنە كۆرمەكتىكى،
قانچىسى بىنا بولدى "بەشكېرەم"دىن.

ياقۇت رەڭ ئالما، ئانار كۆزنى چاقسا،
كەمپىت تەم شاپتۇللىرى تىلنى يارار؛
تولدۇرۇپ خۇش پۇراققا ھەممە ياقنى
ئەنجۈر ۋە بېھىلەرنىڭ ھىدى تارار؛

ئەينۇلا ھەم جىنەستە زەپمۇ چۈچۈك،
سېرىق ياغ دەيسەن توغاچ، ئۆرۈگىنى؛
مەن تېخى گەپ ئاچمىدىم ئۈزۈمدىن،
ياشنىتار يېگەنلەرنىڭ يۈرىكىنى.

باغ گۈزەل، باياۋاندا باغ ياراتقان
دېھقاننىڭ ئىشلىق قولى ئاندىن گۈزەل.
يالقۇنلۇق قوشىقىمنى ئاتاپ ئاڭا،
ئېيتىمەن ئىشقىم بىلەن ياڭراق غەزەل.

1980 - يىلى ئۆكتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

نۇرمۇھەممەت جىلىل

## ئىككى شېئىر

### غول ۋە يىلتىز

غول ئۆزىچە قاراپ كۆركەم ھۆسنىگە،
تۇتتى راسا كۆرەڭلىگى، تارلىغى.
پەرۋايىدا يوقتۇر ئۇنىڭ شۇ تاپتا
يەر ئاستىدا يىلتىزنىڭ بارلىغى.

نەدىن كېلەر غولغا قۇۋۋەت مەنىئى،
كېرەك بولغان شۇ ئوزۇقنى ئالمىسا؟!
ياشنىمايدۇ گۈل ـ گىيالار ھېچقاچان
يىلتىزى تۇپراق قۇچاقلاپ تۇرمىسا.

ھەقىقەتنىڭ كۆزى بىلەن ئۆلچىنەر
ھەر نەرسىنىڭ ئۆز باھاسى ـ قىممىتى.
بولمىغاندا ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى،
بولماس ئىدى غولنىڭ يېشىل زىننىتى.

# خالۋاپ

بۈگۈن ئىززەت، غۇرۇر بىرلە قۇرۇپسەن دەستگاھ، خالۋاپ،
بىرەر پەنجەڭمۇ شاتلىقتىن يېقىملىق بىر سادا، خالۋاپ.

دەۋر زوقى-ئادالەتتىن يېنىپ قەلبىڭدە بىر گۈلخان،
يېڭى ناخشاڭمۇ بەختىڭدىن توقۇلغان خۇش ناۋا، خالۋاپ.

كۆرۈپ يۈكسەك تالانتىڭنى، دىدىم دىلدىن خوشاللىقتا،
گىلەمدە يۈز ئېچىپ كۈلگەن باھارىڭمۇ گويا، خالۋاپ.

گىلەمگە مەن سىلىپ كۆزنى چىمەندە ئەيلىدىم سەيلە،
بۇ باغنىڭ ھەر گۈلى مىسلى ئىكەن بىر توتىيا، خالۋاپ.

قىزىلگۈل بەرگىگە بۇلبۇل ياراشىپتۇ قونۇپ تۇرغاچ،
زىلال سۇ، كۆك چىمەنلەرنى سۆيۈپتۇ نۇر-زىيا، خالۋاپ.

بۇلۇتسىز كۆك ئارا ئۇچسا باھارنىڭ ئەلچىسى تۇرنا،
سۈزۈك سۇ ئەكسىدە سۇمبۇل قىلاركەن شوخ جۇلا، خالۋاپ.

يىراقتا مۇيسىپىت تاغلار پەلەككە بوي سوزۇپ تۇرغان،
پايانسىز ياپ-يېشىل باغلار ئۈنىڭكى باغرىدا، خالۋاپ.

ھۆنەرۋەنسەن قولۇڭ گۈلدەك، سۆيەر خەلقىم سېنى دىلدىن،
دېمەك ھۆرمەتكە لايىقسەن جامائەت ئالدىدا، خالۋاپ.

ۋە لېكىن چىقمىغاي ئەستىن دىلىڭنى ئۆرتىگەن كۆلپەت،
يۇتۇلغان مېھنىتىڭ يالماپ قاباھەت قارنىغا، خالۋاپ.

قىزىل تاڭ ئىلكىدە ياشناپ بەختىڭنىڭ قەنتىنى چاقتىڭ،
بۈگۈن نۇرانە چېھرىڭنى سۆيۈپ ئىللىق سابا، خالۋاپ.

ئۇرۇپ پەنجە راسا ئىشلە، بۇدۇر ئىشلەيدىغان پەيتىڭ،
بۈگۈن بەختىڭگە، ئەجرىڭگە ئۆزەڭ بولدۇڭ خوجا، خالۋاپ.

1984 - يىل فېۋرال.

**ئىبراھىم قۇربان**

# ئـۈچ غـەزەل

## خانتەڭـرى ساداسى

مېنى تەڭرى تىغى دەرلەر، كى تەڭرىدگە يېشىم تەگدۇر،
پۈكۈلمەس قامىتىم ھەيۋەت، بۇلۇت بىرلە بېشىم تەگدۇر.

قۇياش ھەر چاغ كۈلۈپ باقار بېشىم ئۆزرە چېچەپ زەر نۇر،
ئەجەپمۇ جۇپ ياشاپ كەلدۇق، نۇرانە سىردىشىم تەگدۇر.

توپامدىن بوپ بىنا ئادەم ئاتاسى ھەم ئانا بىرلە،
لېۋىگە لەۋ تېگىشكەندە تەشەككۇر ئەيلىشىم تەگدۇر.

ئەجەپمۇ بىباھا جىسمىم، "تىيانشان" دەپ يەنە ئىسمىم،
ئېگىلگەنگە ئېگىلگەيمەن، بويۇمغا ئەۋرىشىم نەگدۇر.

تۆرەلگەندە كىچىك تاغلار بالاغەتلىك يىگىت ئەردىم،
ياراتتىم مۆجىزە سانسىز، جاپالىق قىلمىشىم تەگدۇر.

مېنىڭ ئىنسانلىغا مېھرىم تۈمەنلەپ زەر ئېقىن بولدى،
كۆكەردى دەشت ـ باياۋانلار ئانادەك پەرۋىشىم تەگدۇر.

قۇچاغىمدا ياشاپ ئۆتتى ئوغۇزخان، تەگرىقۇت خانلار،
جاھان رەنالرى ئچرە يارالمىش ھەر كشىم تەگدۇر.

## باھارىم كەلگەچ

ياشارىدىم قايتىدىن كۆكلەپ زامانەم ھۆر يىلى كەلگەچ،
ئەجەپكىم خۇش ناۋا قىلدىم باھارىم سەرخىلى كەلگەچ.

تەپەككۇر ئىقتىدارىمدىن دىلىمغا زەر نەقىش سىزدىم،
يۈرەگىم بىر ئەزىم دەريا ئىجادىم مەزگىلى كەلگەچ.

ئۆزاقلاردىن نەزەر سالسام پۈتۈلگەن قان بىلەن تارىخ،
كۆلەركەن ئاي بىلەن ئاسمان سەپەرنىڭ زىلزىلى كەلگەچ.

ئىلىم ـ پەن تاغىدا كان بار، ئۈنىڭدا ئۈنچە ـ مارجان بار،
جاسارەت بازغىنى تۇتتۇم ۋاقىتنىڭ ئەۋزىلى كەلگەچ.

يولۇغا جابدۇنۇپ چىقتىم، قەلەمدە ئاتلىنىپ چىقتىم،
ياشاشقا قەلبىدە ئەلنىڭ باھارىم مەۋسۇمى كەلگەچ.

# مۆلجەر تېغى

بويۇڭدا مەن بولاي سەييار سۈيۈملۈك مۆتىۋەر مۆلجەر،
سۈيۈڭنىڭ تامچىسى زەم-زەم، تېشىدۇر ساپ گۆھەر مۆلجەر.

ياراشقان قامىتىڭ ھەيۋەت، تۇرارسەن تەلپۈنۈپ قۇشتەك،
قاراپ خۇش خۇي جامالىڭغا يۈرەگىم زەپ تىپەر مۆلجەر.

بولۇپ پەرۋان قەلەمخانلار يېنىڭدىن ئايلىنىپ يۈرسە،
ھاياجاندىن كۆزۈڭ چاقناپ بېشىڭ كۆككە تېگەر مۆلجەر.

زامان ئەۋۋەل يولۇڭ بىرلە يىپەكچى كارۋىنى ئۆتكەن،
ئىجات قىلغان ئىدى سەندە تۈمەن ئالىم، ئەسەر مۆلجەر.

گۈزەل تۇققۇز بۇلاغىڭنى ئەگەر كۆرسە خىجىل جەننەت،
كېچىلەپ ئۈينىسا چولپان شەپەقلەر زەپ سۆيەر مۆلجەر.

ئەزىم توشقان ئاقار سەكرەپ جاراڭلىق خۇش ناۋا بىرلە،
باراقسان باغ-باراڭلارنىڭ مىسالى بال-شېكەر مۆلجەر،

بۇ قۇربان ئون ئۆمۈر كۆرسە يانا ئارمان بىلەن ئۆتكەي،
شېھىتلار قەۋرىسى ئەلگە شەنىڭنى ئەسلىتەر مۆلجەر.

1983 - يىل ماي.

ھېزىم ناسىر

# يۇرتۇم شەنگە

(مۇسەددەس)

مۇقەددەس زەر توپاڭ سۇرمە كۆزۈمگە ھەر زامان يۇرتۇم،
سېنىڭدە چوڭ بولۇپ ئۆستۈم ئانامدەك مېھرىۋان يۇرتۇم،
يېتىلدۈردى مېنى مېھرىڭ ئەقىللىق، نەۋ قىران يۇرتۇم،
سېنىڭ مېھرىڭگە تەڭ كەلمەس پايانسىز كەڭ جاھان يۇرتۇم،
ئەزىزدۇر قىممىتىڭ جاندىن سۆيۈملۈك جانىجان يۇرتۇم،
ساڭا سادىق بولۇپ مەڭگۈ ئۆتۈرمەن ھەرقاچان يۇرتۇم.

ھاۋايىڭ ياشىنىتار جاننى، نەپەس ئالسام قېنىپ ھەر ۋاق،
تېنىم ئىشقىڭدا تىترەيدۇ ھاياجاندىن بولۇپ ياپراق،
چېتىلغاچقا ساڭا مېھرىم، ساڭا مەن شۇنچىلىك ئامراق،
ئېچىلغاچقا سېنىڭ بەختىڭ، مېنىڭ بەختىم ھامان پارلاق،
ئەزىزدۇر قىممىتىڭ جاندىن سۆيۈملۈك جانىجان يۇرتۇم،
ساڭا سادىق بولۇپ مەڭگۈ ئۆتۈرمەن ھەرقاچان، يۇرتۇم.

بىزەلگەن نەۋ باھار بىرلە قۇچاغىڭ جەننەتۇل ئەدنان؛
قونۇپ گۈل بەرگىگە بۇلبۇل ناۋا ئەيلەيدۇ بىئارمان،
بېغىڭغا گۈل تىكىپ قايتا سېنى ياشناتتى بۇ دەۋران،
پىدا قىلسام ساڭا جاننى دىلىمدا قالمىغاي ئارمان،
ئەزىزدۇر قىممىتىڭ جاندىن سۆيۈملۈك جانجان يۇرتۇم.
ساڭا سادىق بولۇپ مەڭگۈ ئۆتۈرمەن ھەرقاچان يۇرتۇم.

پايانسىز چۆللىرىڭ ھەتتا بىلىنەر ماڭا جەننەتتەك،
سېنىڭ تۇزلۇق سۇيۇڭ گويا تېتىيدۇ ماڭا شەرۋەتتەك،
تېغىڭنىڭ تاشلىرى گۆھەر، جۇلالىق خۇددى ئەينەكتەك،
ئېتىز ۋە قىرلىرىڭ رەڭدار گوياكى شايى-ئەتلەستەك،
ئەزىزدۇر قىممىتىڭ جاندىن سۆيۈملۈك جانجان يۇرتۇم،
ساڭا سادىق بولۇپ مەڭگۈ ئۆتۈرمەن ھەرقاچان، يۇرتۇم.

ئاتالغان بارلىغىم ساڭا، ئۆمۈرلۈك غەمگۇزارىمسەن،
جاھانغا كۆز ئېچىش بىرلە كۆڭۈل بەرگەن نىگارىمسەن،
سائادەت باغىدا يايراپ خوشال كۈلگەن باھارىمسەن،
ھاياتىم ساڭا بەخشەندە، مېنىڭ جانانى يارىمسەن،
ئەزىزدۇر قىممىتىڭ جاندىن سۆيۈملۈك جانجان يۇرتۇم،
ساڭا سادىق بولۇپ مەڭگۈ ئۆتۈرمەن ھەرقاچان، يۇرتۇم.

نە ئارمان، ئەجرى ـ مېھنەتتىن سىڭىنىڭ ھۆسنۈڭگە گۈل تاقسام،
سۆزۈم دۇردانىسى بىرلە جاھانغا خۇش پۇراق چاچسام،
قوشۇنغا ئەگىشىپ مەنمۇ سەپەردە تاغ ـ داۋان ئاشسام،
شىجائەت كۆرسىتىپ ھەر دەم ئۇلۇغ مەنزىلگە يانداشسام،
ئەزىزدۇر قىممىتىڭ جاندىن سۆيۈملۈك جانىجان يۇرتۇم،
ساڭا سادىق بولۇپ مەڭگۈ ئۆتۈرمەن ھەرقاچان، يۇرتۇم.

1984 ـ يىل ئۆكتەبىر.

قۇندۇز مۇھەممەت

# گۈزەل

ھايات گۈزەل، دەۋرىم گۈزەل، بەختىم گۈزەل،
گۈزەللىككە ئۇل سالغۇچى ئەجرىم گۈزەل.

ئەزەلدىنلا ئەمگەكچى ئەل ئەۋلادىمەن،
قان-تەر بىلەن ئىگە بولغان پەخرىم گۈزەل.

گۈل پۇرايدۇ بۈگۈن زىمىن ھەتتاكى كۆك،
گۈل ئۆستۈرگەن شۇ مېھنەتكەش خەلقىم گۈزەل.

گۈل بەرگىدە يالتىرايدۇ مەرۋايىت تەر،
گۈل بېغىمغا ھۇسۇن قوشقان پەسلىم گۈزەل.

ۋەتىنىمنى گۈلگە پۈركەش ئارمىنىمدۇر،
چۈنكى مېنىڭ گۈلگە ئاشىق قەلبىم گۈزەل.

1983 - يىل سېنتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئەخمەتجان ئوسمان

# ئورمانغا قاراپ

ئورمانلار ھۆكىرەيدۇ، ئۆكسىدەيدۇ،
ئاي شولىسى
چۈشمەكتە شىلدىرلىغان ئېرىقلارغا.
مەن ئويغاق، ئېقىپ بارار خىياللىرىم
قوشۇلۇپ كۆمۈش سۇغا، يىراقلارغا.

يىراقتىن ئۇچۇپ كەلگەن ئەركە شامال
سۆيمەكتە بەخت سۆيگەن يۈزلىرىمگە.
مەن بۇرۇن ئويناپ يۈرگەن چەكسىز قۇملۇق
باشقىچە كۆرۈندۇ كۆزلىرىمگە.

بىز ئۇ چاغ بالا ئىدۇق، غەمسىز ئىدۇق.
بۇ يەرگە بىرنەچچىمىز كېلىشەتتۇق.

ئاخشىمى كۆرگەن شىرىن چۈشىمىزنى
قۇملۇقتا ئويناپ يۈرۈپ ئۆرۈشەتتۇق.

ھە. بۈگۈن بۇ جاي يېڭى تۈس ئېلىپتۇ،
كۆرۈنمەس ئىلگىرىكى كەڭ چەكسىز قۇملۇق.
قېرىلىپ يېتىپ قېپتۇ قۇملۇقلارغا،
چاتقاللار بېسىۋاپتۇ ئۆسۈپ بولۇق.

قېرىپتۇ ئۆگىدەك باسقان بىر تۈپ توغراق،
ئوراپتۇ ئەتراپىنى يېڭى ئورمان.
مەن كۆرگەن شۇ بالىلىق چاغلىرىمدا،
ئۇ تېخى ئەمەسمىدى ياش-نەۋ قىران؟!

قانچىلىك يۈرەكلەرنى ياشناتمىغان
ئۇ ئۆتكەن كارۋانلارغا سايە تاشلاپ.
ئەمدىچۇ، ئورۇن بېرىپ كۆچەتلەرگە
بىر ئۇلۇغ مويسىپىتتەك تۇرار قاراپ.

ئويلايمەن، خەت تارتىپتۇ بۇرۇتۇمۇ،
چوڭلارنى يىل قوغلىشىپ قېرىتىپتۇق.
ھە، ئەمدى دەۋرىمىزنىڭ يۈكلىرىنى
ئۇلاردىن يەلكىمىزگە بىز ئېلىپتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىكىلدىم شۇ توغراقتا مەن قايتىدىن،
ئېھتىرام بىلەن ئاڭا بېشىم ئەگدىم.
ئورمانلار ئۇگىدەيدۇ، كۆكرىگىمگە
قولۇمنى ئېلىپ شۇ ئان سالام بەردىم.

قەدىردان ئانا ئورمان، قېرى قۇملۇق
شاتلىقتىن ماڭلىيىمغا سۆيدى گويا.
ئۇمىتلىك قارىشىدۇ مويسىپىتلار،
بولۇپمۇ دەۋر بىزنىڭ،
بىزنىڭ دۇنيا!



بىلىقىز سۇلايمان

# ئىككى شېئىر

## گۈللەرگە قاراپ

تارتىدۇ قەلبىمنى بۇ كەڭ چىمەندە
قىپ-قىزىل ئوتقاشتەك جۇلالىغان گۈل.
چاچىدۇ قېتىدىن ئىسسىل خۇش پۇراق،
مەن گويا پۇراقتىن مەستانە بۇلبۇل.

مەن ئامراق گۈللەرگە، گۈل سۆيۈپ ئۆستۈم،
گۈل بىلەن بىزەلگەچ مېنىڭ دىيارىم.
باللىق چاغدىلا قوزغالغان ئىدى
گۈلباغنى كېزىشكە دىلدا خۇمارىم.

ئىنىمايتتىم ئۇ چاغلار كېپىنەك قوغلاپ
ۋە بەزى گۈللەرنى ئۈزۈپ پۇرايتتىم.
"نە ئۈچۈن شۇنچىلىك ئۈز ۋە خۇش پۇراق؟"
دەپ شۇ چاغ ئاتامدىن سوئال سورايتتىم.

"چوك بولساڭ بىلسەن بۇنىڭ سىرىنى،
چۈشىنىپ قالارسەن، بۇنى سەن كېيىن،
ماڭلايدىن ئۇنچە تەر ئاققۇزماي تۇرۇپ،
ھەر ئىشنىڭ تەكتىنى بىلىشىڭ قىيىن."

مەن ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، كۆرۈپ قىزىلگۈل،
ھىدلىدىم قانغىچە خۇش بۇي پۇراقتىن.
مەرۋايىت تەر ئاڭا بەرسە ئۇزلۇقنى،
رەڭ ئالغان ئىكەن ئۇ ئانا تۇپراقتىن.

مەنمۇ ئۆز مېھنىتىم، ئىجادىم بىلەن
ۋەتىنىم باغرىدا گۈل بولۇپ ئۆسسەم.
بەختىمدىن سۆيۈنۈپ چېچىپ خۇش پۇراق،
باراقسان شاخلىسام، ۋايىغا يەتسەم.

## باھار يامغۇرى

ياغماقتا زېمىنغا باھار يامغۇرى،
تۈنجى رەت يامغۇردىن سۇ ئىچتى زېمىن.
ئورمانلار ياپ-يېشىل ياسىنىپ ئالدى،
باھار ئاپتۆۋدا يەڭگۈشلەپ ئېگىن.

باھاردا تۇنجى رەت تامچىغان يامغۇر،
سالدىڭسەن يۈرەككە ئوتلۇق ئىشتىياق.
ئېچىلىپ بەھرىڭدىن رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر،
ئەترە ھەم رەيھانغا پۈركەندى ھەر ياق.

ئارزۇيۇم: بولسام شۇ باھار يامغۇرى،
قىزىلگۈل بەرگىدە چاقنىغان قەترە.
بەھرىمدىن سۆيۈنۈپ لالە-رەيھانلار
چاچسىدى زىمىنغا خۇش پۇراق-ئەترە.

1984 - يىل مارت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يالقۇن نۇر

# ئانا مۇھەببىتى

تاڭ ئاقاردى، ئانا، سېنىڭ چېچىڭدەك،
سانسىز يۇلتۇز ئاڭا سىڭىپ يوقالدى.
كۆرگەنمىدى قۇياش پاكى قەلبىڭنى،
قىزاردى زەپ يۈرىگىڭدەك رەڭ ئالدى.
سۇبھى ۋاقتى پۈتۈن جاھان ئويغاندى،
مېھرىڭ شۇ ئان ئىلھامىمنى قوزغاتتى.

ئۆتكەن ئىدى باللىغىم قوينۇڭدا،
تۇمار ئىدىم گويا سېنىڭ بوينۇڭدا.
ئەللەي ئېيتىپ كۆز يۇممايتتىڭ كېچىسى،
گەرە سېلىپ بۆشۈگۈمگە ئۇيقۇڭدا.
سەن تۆكەتتىڭ مېھرىڭنى زەر قۇياشتەك،
مەن ياتاتتىم جىسمىم ساڭا تۇتاشتەك.

مەن يىغلىسام يىغلار ئىدىڭ قوشۇلۇپ،
كۈلگىنىمدە تەڭ كۈلەتتىڭ سۆيۈنۈپ؛

مەن ياناتتىم گويا شامدەك دىلىڭدا.
سەن ئۇچاتتىڭ پەرۋانىدەك ئۆرتىنىپ.
ئانا جىسمىڭ پۈتكەنمۇ يا تۆمۈردىن،
بېغىشلىدى مېھرىڭ ھايات ئۆمۈردىن.

ئۆتكەن ئىدى قانچە كېچە ئاشۇنداق،
تىنىقلىرىڭ تىنىغىمغا قوشۇلۇپ.
ئۇلۇغ ئانا ئىدىڭ پۈتمەس بايلىغىم،
قانماس ئىدىم خۇش ھىدىڭغا تويۇنۇپ.
خىسلىتىڭنىڭ سىمۇۋولى تىيانشان،
تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىز، ئانىجان!

بىراق ئۇ چاغ سەبى ئىدىم ئەقلىسىز،
چاپچىپ يۈرەر ئىدىم توسۇن تاي كەبى.
ئويلىمايتتىم بەگۋاشلىغىم تۈپەيلى.
ئەگسە جاپا قامىتىڭنى ياي كەبى.
ھايات يولى سېنى شۇنداق ھېرىتتى،
ياشلىغىڭنى ئېلىپ كەتتى، قېرىتتى.

تووۋا قىلدىم، بىراق ئەمدى كېچىكتىم،
بېرەلمەيمەن ياشلىغىڭنى قايتۇرۇپ.
بېغىشلىدىم بارلىغىمنى ۋەتەنگە،

ساڭا بولغان مۇھەببىتىم جۇش ئۇرۇپ.
ئەھدىڭ ئاقلاش پۈتۈن ئارزۇ-تىلىگىم،
چىراق بولسۇن ساڭا ئوتلۇق يۈرىكىم.

ئادا بولماس قەرزىم يەنە شۇندىمۇ،
چۈنكى سىڭگەن ئارمانلىرىڭ تېنىمگە.
كەمەر بولدى ئەجداتلارنىڭ نىيىتى،
سەن باغلىدىڭ ئۇنى مەھكەم بېلىمگە.
تاڭ شەپىغى بولدى يېڭىش بايرىغىم،
خاتىرجەم بول، جېنىم ئانا، ئامرىغىم!

بەرگىن ماڭا بوۋام تۇتقان قىلىچنى،
كېسەي پەرھات كەسكەن ئاشۇ تاغلارنى.
پەخىرلەنسۇن خەلقىم گويا شىرىندەك،
ئەھيا قىلسام چۆلدە گۈزەل باغلارنى.
بىزنى كۈتەر گۈزەل ئىقبال-كېلىچەك،
ئاچار، ئانا، ئارزۇلىرىڭ گۈل-چىچەك.

1984 - يىل مارت.

ئەخمەت ۋاھىدى

# ئىلىم-پەن باھاردا

(مۇخەممەس)

يېڭى دەۋران، يېڭى ئۆرلەش كۆڭۈلنى قىلدى شات ئەمدى
تۈمەن مىڭ ئەندىشە-غەملەر بىلىم ئەھلىگە يات ئەمدى،
تاپار تاغدىنمۇ چوڭ قىممەت ھالال ئەمگەك-ئىجات ئەمدى،
ئىجاتچان، ئوت يۈرەك خەلقىم كىشەنلەردىن ئازات ئەمدى،
ئېچىلدى پەندە داغدام يول سىلىشقا جەڭگە ئات ئەمدى.

ۋەتەندە تەلۋە-شەيتانلار قۇرۇق گەپتىن بازار قىلغان،
ئىلىم-پەن باغىنى چەيلەپ گىياسىز چۆل، مازار قىلغان،
بىلىم سۆيگەن ئىجاتكارنىڭ دىلىغا كۆپ ئازار قىلغان،
توقۇپ تۆھمەت، بىرىپ زەربە، ئىلىم ئەھلىنى خار قىلغان،
ئۆتۈپ كەتتى ئاشۇ كۈنلەر دىمەيمىز پەندىيات ئەمدى.

بۈگۈن كۈلمەكتىمىز مەغرۇر، نىشانغا يول ئېچىلدى دەپ،
قىلىشتۇق تەنتەنە، پەنگە قۇياش نۇرى چېچىلدى دەپ،

ھوزۇرلاندۇق پىداكارلار ئۆسۈپ ساغلام يېتىلدى دەپ،
غەزەلخان باشلىدى نەغمە، ئۆنىۈمگە ئۈن قېتىلدى دەپ.
يارالدى بەختىيار ئەلدە يېڭىچە كەيپىيات ئەمدى.

ئىجات ئەھلىگە جان بەردى ئۇلۇغ پارتىيە پەرمانى،
قاناتلاندۇردى سۈمرۇغنى ياراتقان يېڭى دەۋرانى،
جاھاننى لەرزىگە سالدى زەپەرنىڭ كۈلكە ـ خەندانى،
چۈشۈشتى بەيگىگە تولپار كۆلۈپ ئارزۇ ۋە ئارمانى،
يۈرەكتىن ئۇرغىدى جۇشقۇن غەيرەت ـ ئىجتىھات ئەمدى.

شەرەپلىك پارتىيە بىزگە ماڭار جەڭلەردە يول باشلاپ،
ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندۇق كاشالنى ئىرغىتىپ تاشلاپ.
ئېچىلدى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ئىلىم ـ پەن باغىدا ياشناپ،
يارالماس مۆجىزە ئەسلا بىكار ياتقانغا يانپاشلاپ،
مۇقەددەس بۇرچىمىز پەندە ياراتماق كەشپىيات ئەمدى.

ئازات، ھۆر دەۋرىمىز، ھەيھات! مائارىپنى باھار ئەتتى،
قاراڭ، كومپارتىيە نۇرى باھار ئۈستىگە نۇر سەپتى،
قەپەزدىن قۇتۇلۇپ بۇلبۇل قىلىپ خەندە كۈلۈپ كەتتى،
يۈرەكلەر زوق ھاياجاندا يېنىپ ئۆتتەك خوشال تەپتى،
قۇرۇق گەپ ساتقۇچى رەڭۋاز بازار يوق. بولدى مات ئەمدى.

يۈرەكتىن چىن قەدىرلەيمىز بۈگۈنكى بۇ باھار-يازنى،
ئۈنىڭ شەنىگە كۈيلەيمىز چېلىپ ياڭراق دۇتار-سازنى،
ئىلىم گۈلشەنىدىن قوغلاپ قۇرۇق سۆلەت شەكىلۋازنى،
يازايلى بۇ كۈرەشلەردە ئۆزۈپ چىققان چەۋاندازنى،
چىنىققان گاڭ قەلەملەرنى باسالماس قىلچە دات ئەمدى.

www.uyghurkitap.com

سەييارە سەلەي

# باھار ناخشىسى

ئايلىنىپ ئاي ـ كۈنلەر كېلىپسەن باھار،
قاپلاپتۇ ئەتراپنى چەكسىز يېشىللىق.
ئوغۇللار چىۋىقنى مىنسە ئات قىلىپ،
تاقاپتۇ شوخ قىزلار جالا يېقىملىق.

تولغانسا گۈل چېچەك مەيىن شامالدا،
ئېپار ھىد تارقىلىپ زېمىننى كېزەر،
داللار ئويغانسا چوپان نېپىدىن،
پادىلار بۇلۇتتەك تەۋرىنەر ـ ئۈزەر.

جان بەرسە ئېتىزلار قوينىغا موتۇر،
تەر بىلەن مۈشكۈللەر سىرى يېشىلەر.
ئەي باھار، ھىدىڭدىن نەپەسلەر ئېلىپ،
ھۆسنۈڭگە قوشۇپتۇ ھۆسن كىشىلەر.

بىر چاغ سوغ تەلەتتە كەلگەنتى باھار،
جۇدۇنلار قەھرىدىن توزۇغان چىچەك.
نە چىچەك، توزۇغان ھايات باغلىرى،
ئەسلىسەك، ھىلىمۇ تىترەيدۇ يۈرەك...

بۈگۈن سەن كېلىپسەن مىسلىسىز گۈزەل،
ھەر گۈلۈڭ، ھەر جىلۋەڭ گويا بىر غەزەل.
بايرامىنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە بۈندا
شەھەرلەر، يېزىلار، ئىشچان ئانا ئەل.

بۈگۈن سەن كېلىپسەن ھەمرايىڭ سەھەر،
چاقناپتۇ ئۇپۇقتا، يەر-كۆكتە گۆھەر.
كېلىپسەن يول ئېچىپ ياز ۋە كۈز ئۈچۈن،
ئايلىنار زىلچىغا پۈتۈڭ تەككەن يەر.

گۈلباھار، كېلسەڭ ئالتۇن ساز چېلىپ،
كەلگۈسى ئىقبالدىن ۋەدىلەر ئېلىپ.
سەن قىزلار ئامرىغى، سەن ئەل ئامرىغى،
گۈللىگىن دىللاردا ئەبىدى قېلىپ.

1982 - يىل مارت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاۋۇت مۇھەممەت

# سىزايىلى خەرىتىنىڭ يېڭىسىنى...

ئوقۇغان كىچىگىمدە سېنى يادلاپ،
ئويمانلىق ئىچىدە سەن داغدار تۇرپان.
تۇراتتىڭ پەرقلىنىپ شۇنچە روشەن،
خەرىتە بېتىدىمۇ رەڭدار تۇرپان.

قارىسام بۈگۈن ھۆسنى-جامالىڭغا،
ھە، ئاشۇ خەرىتىلەر چىپىپ قاپتۇ.
كۆرەشچان يىللار ئالتۇن تۈپرىغىڭغا
ئەڭ گۈزەل يېڭى-يېڭى كەشتە ساپتۇ.

بۈگۈنكى خىسلىتىڭنى بىلدۈرگۈدەك
سىزايلى خەرىتىنىڭ يېڭىسىنى.
ئاپىرىن دىسۇن ساڭا جاھان ئەھلى،
كۈيلەيلى ئازات ئەمگەك مۆۋىسىنى.

1979 - يىل ئۆكتەبىر.

شەۋكەت مۇھەممەدى

# ئىجات يولى

دىلدا بىر شىرىن ئۈمىت، شۇ يولدا چاپتىم ئالدىراپ،
شۇ ئۈمىت ئارزۇ بىلەن دەريادا ئاقتىم ئالدىراپ.

نە ئىمىش بىر كۆي مېنى قىلغاچ ئەسىرۇ-مۇپتىلا،
شېئىرىيەت گۈلزارىغا باغرىمنى ياقتىم. ئالدىراپ.

بۇ گۈزەل گۈلشەندە سەزدىم خۇش پۇراقلىق گۈلنى مەن،
بىر ھەۋەسكار سۈپىتى گۈللەرگە باقتىم، ئالدىراپ.

بۇ ئىسىل گۈللەر مېنىڭ قەلبىمدە قوزغاپ ئىشتىياق،
جۇش ئۇرۇپ ئىلھاملىرىم قوشاققا قاتتىم ئالدىراپ.

ئەمما يولدا پۇتلىشىپ مىسرالىرىمدىن چىقتى قاس،
قوغلىدىم ئاسانىنى مەن، مۇشكۈلدىن قاچتىم، ئالدىراپ.

www.uyghurkitap.com

دىسە دوست ـ يارەنلىرىم "شېئىرىڭدە نۇقسان خېلى كۆپ".
شۇ سەۋەپ رايىم يېنىپ، بىردىن سولاشتىم، ئالدىراپ.

چۆكمىدىم تۇرمۇشقا چوڭقۇر، تۇرسىمۇ قايناق ھايات،
سۆز تاپالماي بەزىدە، لۇغەتنى ئاچتىم، ئالدىراپ.

ئۇيقۇدىن كەچتىم ئىشىق سەۋداسىدا چۆللەر كېزىپ،
كەچتە ئولتۇرسام سۇبھى تاڭغا ئۇلاشتىم، ئالدىراپ.

توختىماي مەشق جېڭى، مىسرالىرىمنى تاۋلىدى،
گەرچە زەررە بولسىمۇ ئەقلىمنى تاپتىم، ئالدىراپ.

ئاخىرى تارتتى مېنى تۇرمۇش يولى ئۆز قوينىغا،
ئەلگە نەپ بەرمەك ئۈچۈن ئۆتمەكتە ۋاقتىم ئالدىراپ.

ئارزۇيۇم، مىسرالىرىم ئەل قەلبىگە ياقسا قاچان،
مەن شۇ چاغ غەلبە شارابىنى يۇتاتتىم ئالدىراپ.

1984 ـ يىل ئىيۇن.

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

# ئىككى شېئىر

دەريا، دەريا سېنىڭ باغرىڭ قاتتىق تاش،
لېكىن مېھرىڭ ماڭا يۇمشاق تۇيۇلار.
يېتىۋالسام قىرغىقىڭغا قويۇپ باش،
كۆزلىرىمدىن شاتلىق يېشى قۇيۇلار،
چۈنكى ئۆزەڭ ھەر چاغ ماڭا چىن سىرداش.

سۆيۈك سېنىڭ قاش تېشىدىن رەڭ ئالغان،
قىرغاقلارغا قاشتاش تاشلاپ ئاقسەن.
قىرغاقلىرىڭ يېشىل بوستان، باراقسان،
شۇڭا مېنىڭ كۆڭلۈمگە بەك ياقسەن.
مېھرىم ساڭا تائەبەتكە باغلانغان!

دەريا، دەريا، سۆيۈك قىش ـ ياز بەك سوغۇق،
لېكىن مېھرىڭ مېنىڭ ئۈچۈن نۇر ـ ئاپتاپ.
مېھرىڭگە بىر قانالمىغاچ مەن تولۇق،

www.uyghurkitap.com

كەلدىم سېنى قوچاغلاشقا باغاشلاپ،
سەنمۇ ماڭا قوچاق ئاچتىڭ بەك نۇرلۇق.

يۈز ـ كۆزۈمگە ياقۇت ئۈنچە چاچسەن،
قىرغاقلارغا ئۇرۇلغاندا ئۆركەشلەپ.
يېقىن كەلسەم توسۇن ئاتتەك قاچسەن،
ئوق يىلاندەك تولغۇنسەن ناز ئەيلەپ،
ئەركىلەيسەن، سەن كۆڭلۈمنى ئاچسەن.

گەر كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلسە ئاخشامدا،
سەن قايغۇغا چۆكسەن تەڭ مەن بىلەن.
ناخشا ئېيتسام گاھى سەھەر، گاھ شامدا،
سەنمۇ ناخشا ئوقۇپ ياردەك زەپ بەلەن،
جۆر بولسەن گۈزەل، ياڭراق ناخشامغا.

سەن شۇنچىلىك باي ئۇلۇغۋار خىسلەتكە،
ياشارتىسەن ئادەم، مايسا چىمەننى.
ئايلاندۇرۇپ چۆلنى بوستان خىلۋەتكە،
يارىتىسەن ئىنساننىڭ ئاش ـ نېنىنى،
دەريا، دەريا، ئاق ئۇلغىيىپ ئەبەتكە!

1984 ـ يىل ئۆكتەبىر.

# يەكشەنبەدە

(غەزەل)

شات كېلۇر ھەركىم بازارغا سۈبھىدەم يەكشەنبەدە،
ياڭرىغاي ھەر ياندا خۇش تاشۋاي، ئەجەم...يەكشەنبەدە.

سودا، سەيلە، بەزمە ـ مەشرەپ كېتىدۇ ھەر يان قىزىپ،
مۇڭدىشار دوستلار بولۇپ گۈلباغدا جەم يەكشەنبەدە.

قولى گۈل، ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر خېرىدار چاقىرار،
دىلنى تارتار شايى ـ ئەتلەس ھەم گىلەم يەكشەنبەدە.

ئاش ـ ئوزۇق، پىششىق تائام، گۆش...ئىزدىسەڭ بار ھەممىسى،
بۇ بازاردا بولمىغاي ھېچ نەرسە كەم يەكشەنبەدە.

رەستىنىڭ ئىككى چېتى تولغان سۈۋەتكە ـ مۇنگە،
لاپ ئەمەس، بازارنى مەن جەننەت دىسەم يەكشەنبەدە.

توقچىلىق ـ ئاۋاتچىلىقنى ئىنتىزار قەلبىم ئەبەت،
يايرىماس كۆڭلۈم بازارغا كەلمىسەم يەكشەنبەدە.

1984 ـ يىل، ئۆكتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوبۇلھاشىم قاسىم

# ئەنجۈر ۋە ئۈزۈم

## ئەنجۈر

سېزەرمەن دىلدا مىڭ جەننەت ھوزۇرى سېنى يەپ، ئەنجۈر،
قەدىرلەيمەن سېنى بارلىق يېمىش سۇلتانى دەپ، ئەنجۈر.

تۈۋىڭگە كىم ئەگەر تۆكسە پىشانە تەرىنى تىنماي،
شېخىڭدا زەر بولۇپ چاقناپ بېرەرسەن شۇنچە نەپ، ئەنجۈر.

سېرىقىياغدەك بولۇپ پىشساڭ "بېھىشنىڭ نېمىتى" دەر ئەل،
شۇڭا بۇ بەشكېرەم، ئاتۇش ئۇچۇن تاپتىڭ شەرەپ، ئەنجۈر.

كېسەللەرگە شىپالىق سەن، قۇۋۋەت ھەم پەيزى تۇرمۇشنىڭ،
يېسە كىم، ھۆددە ئەيلەيمەن، دىلى بولماس بىشەپ* ئەنجۈر.

* شەپ ــ كېچە، قاراڭغۇ.

باھاسى ھەر بىر دانەڭنىڭ گويا تىللاغا ئەرزاندۇر،
يىگىت ـ قىز، چوڭ ـ كىچىك ھەممە ساڭا ئامراق ئەجەپ، ئەنجۈر.

سېنى شۇنداق ئەزىز قىلغان قولى گۈل ئاشۇ باغۋەننىڭ
ئىشىنى كۆيلىسەم رازى پۈتۈن ئۆمرۈم تولەپ، ئەنجۈر.

## ئۆزۈم

سېخى كۈز داستىخانىنىڭ ئىسىل دۇردانىسى ئۆزۈم،
تومۇرغا قان، قۇۋۋەت بولغاي، يېسەڭ ھەر دانىسى ئۆزۈم.

تومۇزدا جانغا راھەت سېنىڭ ساياڭدا ئولتۇرسا،
ئۆزەڭمۇ ھەم كېسەللەرنىڭ شىپالىق دورىسى، ئۆزۈم.

بىدىشقا تەر تۆكۈپ ئالغان ئۈمىتلىك ئاشۇ باغۋەننىڭ
سېنىڭ بىرلە تولۇر كۆزدە قۇرۇق ھەميانىسى، ئۆزۈم.

ئاجايىپ ياخشى زىننەتسەن، قورا ـ جاي ھەمدە باغلارغا،
كىشىنىڭ قەلبىدىن سۆيگەن گويا جانانىسى، ئۆزۈم.

ئېچىلغاي كۆڭلى ئىنسانىنىڭ پۈرەكلەپ گۈل كەبى گويا،
ياساپ ئىچسە مۇسەللەسنى، بۇ جانىنىڭ لالىسى، ئۆزۈم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇ خىسلەت بىرلە نىمەتلەر ئارا سەن مۆتىۋەر شۇنچە،
ساڭا بار قانچە شائىرنىڭ گۈزەل ئەشئارىسى، ئۈزۈم.

1983 ـ يىل دېكابىر.



زۇلپىقار

# ۋەتەن

(مۇسەللەس)

مېھرى ئىللىق ئانىدەكتۇر بۇ ئەزىم تۇپراق ماڭا،
قىممىتى مېھرىگىيادەك ھەر گىيا ـ ياپراق ماڭا،
بىر ئۆمۈر پەرزىم: ۋەتەن دەپ نەزمىلەر يازماق ماڭا.

سەندە كۆز ئاچتىم شۇڭا خاس ساڭىلا قىممەت ھايات،
رازىمەن مىڭ رەت تۇغۇلسام، سەن ئۈچۈن بولسام مامات،
دىلدىكى ئارمان: سېنىڭ شەنىڭگە شان قۇچماق ماڭا.

"ئانا يۇرت بولسا ئامان، بولماس چىرايىڭمۇ سامان"
جان تەسەددۇق ئەيلىگەيمەن تېچلىقىڭغا مەن ھامان،
دىلدا سەن بولغاچ، ئاسان تىرناقتا تاغ قازماق ماڭا.

سەن ئۈچۈن ئاينى ئۈزەي، گۆھەرنى ئوكياندىن سۈزەي،
زەررە مەنپەئىتىڭ ئۈچۈن مەيلى كائىناتنى كېزەي،
ئىپتىخارىم ئەل ئۈچۈن ئوتقا ئۆزۈم ئاتماق ماڭا.

قەرزدۇر ئىنسان ئۈچۈن ھەر دەم ۋەتەن دەپ ياشىماق،
نى نومۇس، ياۋ ئالدىدا قۇل بوپ كۆزىنى ياشلىماق!
سىنى دەپ قان كەچمىسەم لايىق شۇ چاغ دوزاق ماڭا.

مەن ئەگەر ئۆلسەم ۋەتەن، چىمدىم توپاڭغا ئايلىنىپ —
كۆچ بېرۇرمەن، مايسىلار چىققۇسى جىسمىمدىن ئۈنۈپ،
چوڭ بەخت: ئۆلگەندىمۇ باغرىڭ قۇچۇپ ياتماق ماڭا.

زۇلپىقار بەردى ساڭا ئانا ۋەتەن، شۇنداق قەسەم:
تاشلىغاي ئەجداتلىرىمنىڭ ئىزىدىن دادىل قەدەم،
ئەلنى سۆيمەي ياشىغاندىن ئۆلگىنىم خوپراق ماڭا.

1982 - يىل فېۋرال.



ئېزىز ئېلى

# تاڭ ئوغلىمەن

چولپان يانار، چەكسىز سامادا،
چىراق كەبى يورۇتۇپ تۈننى.
چىللىشىدۇ خورازلار تىنماي،
بەس-بەس بىلەن ئويغىتىپ كۈننى.

سۇبھى چېغى ئاقاردى ئۇپۇق،
تۈن پەردىسى يىرتىلدى ئەنە.
چوغ مىسالى شەرقتىن يەرگە
تال-تال نۇرلار چېچىلدى يەنە.

تاڭ قىزاردى، ئالەم لالىرەڭ،
نۇر ۋەسلىگە چۆمدى كائىنات.
باغدا بۇلبۇل ياڭراتتى ناخشا،
كۈلدى قايتا جەڭگىۋار هايات.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تاڭ نۇرىدىن زەرباپ تون كىيدى،
يېشىل يايلاق، ئاق تاجلىق تاغلار.
چېچەك ئېچىپ رەڭدار غۇنچىلار،
ئەجەپ كۆركەم ياساندى باغلار.

مېنىڭمۇ شۇ يېڭى تاڭ بىلەن،
گويا قايتا ئېچىلدى كۆزۈم.
تاڭ ئوغلىمەن — تاڭدا تۇغۇلغان،
تاڭ ئەكسىنى چاقنىتار يۈزۈم.

خۇددى تاڭدەك غۇبارسىز قەلبىم،
تاڭدەك يورۇق گۈزەلدۇر بەختىم.
ھايات ئۆزرە گويا سۇلتانمەن،
ساپ ھاۋالىق ۋەتىنىم-تەختىم.

خالاسمەنكى، ئەمدى مەڭگۈگە
بەڭۋاش كۆكۈل، بەڭۋاش سۆيگۈدىن.
تەنتەكلىگىم كەتتى تۈن بىلەن،
مەن تۇغۇلدۇم بۈگۈن ئۆزگىدىن.

نادان قىزلار بولماق ئاۋارە،
ئاخشاملىرى دەرىزە چېكىپ.

تۈنۈگۈنكى بەڭۋاش يىگىتنى
تاپالمايسىز، ھە بۈگۈن كېلىپ.

دىلدا پەقەت بىر بۈيۈك ئارزۇ:
پەن قىزنىڭ ۋەسلىنى قۇچۇش.
ئەل-ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرۈپ،
يۇلتۇزلاردىن-يۇلتۇزغا ئۇچۇش.

1983 - يىل ئاپرېل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ۋاھىتجان ئوسمان

# بۇلاق

ئاق ئايدىڭ كېچىدە بۇلاق بويىدا
تۇرىمەن يىگانە بۇلاققا قاراپ.
ئىلھامىم تارىنى تىترىتەر تىنماي،
يالقۇنلۇق خىياللار قەلبىمنى ئوراپ.

زۇمرەت رەڭ مارجاندەك چاچقۇلار چېچىپ،
كۆۋەجەپ سۇ ئوخچار بۇلاق كۆزىدىن.
تۇن قىزى تولۇن ئاي نۇر جامى تۇتۇپ،
بىر ئوماق كۆرۈنەر سۇنىڭ يۈزىدىن.

"ئاھۇ كۆز، كۈمۈش يۈز، ئەي كەۋسەر بۇلاق،
سەن زىمىن مەگزىدە بالقىغان زىناق" —
دىدىم مەن باسالماي ھاياجانىمنى،
شۇ بۇلاق سۈيىدەك ھىسلىرىم قايناق.

نەچچە گەز تۇپراقنىڭ باغرىنى يېرىپ
چىقىدۇ، فونتانلار باسايدۇ سۈيۈڭ.
تۇمەن مىڭ دىللارنىڭ مەيلىنى تارتار
شىرىلداپ ئېقىشىڭ، شاۋقۇنلۇق كۈيۈڭ.

تۆھپىكار بابىدا ئۆزەڭسەن سۇلتان،
جان تاپار سۈيۈڭدىن گۈل-گىيا، ئىنسان.
سېخىلىق بابىدا ھاتەمسەن گويا،
ياشنايدۇ سۈيۈڭدە چىمەنگاھ، بوستان.

بويۇڭدا ئېچىلار كۆكلەم-باھاردا
شەپەق رەڭ گۈللىرىڭ چېچىپ ئەتىرلەر.
گۈللەرنىڭ مەڭزىگە قونغان توزاڭنى
يۇيىدۇ سەن چاچقان ياقۇت قەترىلەر.

تېپىشار بويۇڭدا مۇرات ۋە ۋىسال
مۇھەببەت ئىشقىدا كۆيگەن يۈرەكلەر.
ئەڭ لەزىز سۆھبەتلەر بەزمىسى قۇرۇپ،
سۆزلىشەر، بىلدۈرۈپ ئوتلۇق تىلەكلەر.

شەربەتنى سېنىڭدىن ئۇسۇپ چىلەككە
كېتىشەر قالدۇرۇپ يېپ-يېڭى ئىزلار،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

كىتىشەر چاچلىرى بىر دەستە سۇمبۇل،
ئاغزى گۈل، مەڭزى گۈل، قەلبى گۈل قىزلار.

سەن رەسسام ۋە ياكى ئۇستا كەشتىچى،
ياپىسەن زېمىنغا لىباس-تون زەر باپ.
سەن ئوقمان، چۆللەرگە مەلھەم بولغۇچى،
شۇڭلاشقا جەننەتنى ئەسلىتەر ئەتراپ.

ئۇرسىمۇ بورانلار كۆزۈڭگە قۇمنى،
قىش ئىلىپ كەلسىمۇ شىۋىرغان-سوغاق؛
تۇرسەن گۆھەردەك پارقىراپ يەنە،
قۇم، مۇزلار ياپالماس يۈزۈڭگە تۇۋاق.

ئەي بۇلاق، سېنىڭ پاك خىسلەتلىرىڭنى
قىلىمەن ھاياتقا ئەندىزە-ئۆرنەك.
قەلبىمدە ئۆركەشلەپ ئاقسۇن مېنىڭمۇ
سۈيۈڭدەك سۈپ-سۈزۈك غايە ۋە ئىستەك.

1984-يىل ئاپرېل.

## مۇختار سۇپۇرگە

# تولۇن ئاي

نېرى كەتمەي دەرىزىنىڭ تۈۋىدىن
قاراپ قالدىڭ ماڭا ئەجەپ، تولۇن ئاي.
نۇرلىرىڭدىن مەنە بېرىپ باشقىچە،
جىلۋە قىلدىڭ شۇنچە ئوماق، خۇش چىراي.

بۇگۈن ئاخشام كەلدىڭ يەنە ناز بىلەن،
جامالىڭدىن نۇر ياغدۇرۇپ كارامەت.
خۇش تەبەسسۇم جىلۋە نازىڭ-خۇلقىڭدىن
ئايان بولدى قەلبىڭدىكى مۇھەببەت.

كۆردۈڭ ئۆزەڭ مېنىڭ تۇرقى ھالىمنى،
مۇشۇ دەمدە يار تۇرۇپتۇ قېشىمدا؛
بېغىشلىغان پاك مۇھەببەت ئىشقىمنى
مۇشۇ يارغا تېخى يەتتە يېشىمدا.

www.uyghurkitap.com

شۇندىن بېرى كېچە-كۈندۈز بىللە بىز،
ئايرىلمىدۇق مۈشكۈلدىمۇ ئىككىمىز.
تەك ئۇزاتقاچ قانچە، باھار-قىشلارنى
چىڭىپ باردى بىزنىڭ يۈرەك رىشتىمىز.

چىرايىڭدىن نۇرلار تۆكۈپ، تولۇن ئاي،
تۈن كېچىدە يورۇتتۇڭ سەن يۈزۈمنى.
يورىتىدۇ "كىتاپ" ئاتلىق يارىمنىڭ
ھەر ۋارىغى مېنىڭ ئەقىل كۆزۈمنى.

ھۆسنى نۇرلۇق، تۇرقى زىبا، تولۇن ئاي،
ئالالمايسەن يۈرىكىمدىن ئورۇن-جاي.
قاراپ باققىن، يۈرىكىمدە تۇرۇپتۇ
بىلىم ئاتلىق ۋاپادارىم خۇش چىراي...

1984-يىل يانۋار.



**پولات ھېۋزۇللا**

# مەرھابا، تاڭ سەھەر!

ئەتراپقا يېيىلىپ نۇر تالالىرى،
تەبىئەت ئالماقتا گۈزەل بىر ھۆسۈن.
مەرھابا، تاڭ سەھەر،
مەرھابا، قۇياش،
مەرھابا، يېڭى كۈن ـ سۆيۈملۈك بۈگۈن!

ئويغاندى قەلبىمدە قۇياش بىلەن تەڭ
يېڭى ھىس،
يېڭى زوق،
شاتلىق ـ ھاياجان.
ھە، ئەنە كۈتمەكتە،
كۈتمەكتە مېنى
قەلبىمدە ئىنتىلىش قوزغاتقان نىشان.
كۈتمەكتە قۇدۇقنى يىگىندە قېزىش،
ئىزدىنىش، ئۆگىنىش، كۆمۈش تەر تۆكۈش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆتمەكتە جاپالىق ئۇزۇن مۇساپە،
رەڭگا ـ رەڭ گۈلشەندەك يېڭى كەچۈرمىش!

سەيياھلىق قوزغىلىپ بىر ئارامگاھتىن
يەنە بىر نىشانغا ئاتلانغىنىمدەك،
ئاتلاندىم يېڭى بىر كۈنلۈك ھاياتقا،
ئېخ، بالا ئانىغا تاشلانغىنىمدەك.

ۋىجدانىم سوئاللار تاشلايدۇ ماڭا:
"بۈگۈنكى ھاياتىڭ قانداق ئۆتىدۇ...!"
ئىرادەم جىسمىمغا قېتىپ كۈچ ـ دەرمان،
ئۇتتۇقلار قوچۇشقا ئالدىرىتىدۇ.

بىلىمەن،
ھەر كۈنۈم ئۆتسە شان بىلەن
كۈلدۈرۈپ ئارزۇيۇم مېنىڭ ۋەدەمنى،
ياشايتتىم رازى بوپ تۈنۈگۈنۈمدىن،
تېخىمۇ گۈزەل دەپ ئىقبال ئەتەمنى!

مەرھابا، تاڭ سەھەر،
مەرھابا قۇياش،
سەن سىڭىپ كىردىڭ ھەم يۈرىگىمگىمۇ،

ئۇچۇشقا ئۇمتىنىڭ كۆكىدە ئەركىن
كۆچ بەردىڭ، جان بەردىڭ تىلىگىمگىمۇ!

1984 ـ يىل ماي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

زوھرە غوپۇر

# ئاي بىلەن سۆھبەت

ئون تۆت كۈنلۈك گۈزەل تولۇن ئاي
دەرىزەمدىن كۈلۈپ مارايدۇ.
يۈزلىرىمگە شولا ياغدۇرۇپ،
سىرلىق كۆزدە ماڭا قارايدۇ.

ئەركىلىشىپ كۈمۈش نۇرلىرى
سىيرىلايدۇ قولاقلىرىمغا.
گاھى ئاستا تۇرتىدۇ مېنى،
سەيلە ئۈچۈن قۇچاقلىرىغا.

مەن دەيمەنكى: "ئەي گۈزەل دوستۇم،
كەل يېنىمغا بىللە ئوينايلى."
ئاي ئېيتىدۇ: "چىققىن بۇ ياققا،
پەرۋاز قىلىپ كۆكنى بويلايلى."

مەن ئېيتىمەن: ”مېنىڭ ماكانىم
بەكمۇ ياخشى ئاۋات. گۈلىستان.“
ئاي ئېيتىدۇ: ”مۇندا گۈزەللىك
سېنى مەپتۇن قىلار ھەرقاچان!

سەنمۇ چىقىپ مېنىڭ يېنىمغا،
رۇخسارىمنى قېنىپ كۆرۈپ كەت،
دوستلىرىمنىڭ قىزغىن سالامىن
يەر شارىغا بىللە ئېلىپ كەت“.

دوستلۇق ئىشقى يېنىپ دىلىمدا،
ئايغا مېھمان بولغىلى كەتتىم.
ئىلىم-پەننىڭ تۇلپارىدا مەن،
نۇر سارايغا تېزلىكتە يەتتىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: مىرزاھىد كېرىمى
ياسىن ھاۋازى
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

## توي تەنتەنسى

(شېئىرلار)

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى تۈزدى

مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1985 ـ يىل 7 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1985 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.89 يۈەن

**欢 庆**

**（诗集）**

（维吾尔文）

中国作家协会新疆分会编

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：9·875

1985年7月第1版

1985年7月北京第1次印刷

**印数：0001—3,800册 定价：0.89元**

**书号：M 10049（4）194**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىسىنى ئىشلىگەن
ۋە ھۆسنخەتنى يازغان : نىياز كېرەم

书号M 10049(4) 194
定价　　0.89元